# ئەلشىر نەۋايى

( بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلەندى، بۇ نەۋايىدىن پەخىرلىنىدىغان قېرىنداشلىرىمىزغا كىچىككىنە سوۋغىمىز. بۇ ئېلكىتابنى بابۇر كومپيۇتېرخانىسىدىن ئابلەت ئىشلىدى. ماتېرىيال مەنبەسى: كەتمەن ساداسى بلوگى (/http://ketmenbay.blogbus.com)

مۇندەرىجە

1. ئەنئەنىۋى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى ( پەردە ئەمىن )........................3 ـ بەت
2. ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى.....................................13 ـ بەت
3. نەۋايى 570 ياشتا ( ھۆرمەت فىكرەت )...................................16 ـ بەت
4. نەۋايى چەتئەلدە ۋە دىيارىمىزدا ( تۇرسۇن قۇربان تۈركەش )........................27 ـ بەت
5. بېيجىڭدا ئەلشىر نەۋايى تەنتەنىسى ( تەكلىماكانى )..............................38 ـ بەت
6. نەۋايىنىڭ ئارمانى ( ھېكايە ) خۇرشىد دەۋران ..................................45 ـ بەت
7. نەۋايى ھەزرىتىم ( غازى ئەھمەد )........................................62 ـ بەت
8. نەۋايى ئەڭگۈشتەرى ( مۇھەممەد شاۋۇدۇن )..................................65 ـ بەت
9. تەسراتىم ( ل. مۇتەللىپ )..............................................71 ـ بەت
10. « سەددى ئىسكەندەر » داستانىنىڭ باش قەھرىمانى كىم ؟ ......................72 ـ بەت
11. نەۋايى غەزەللىرىگە تەجنىسلەر ( ئۇيغۇن )...... ............................82 ـ بەت
12. نەۋايىنىڭ « فەرھاد ـ شىرىن » داستانىدا خوتەن تەسۋىرى ۋە فەرھات ئوبرازى (ئابلەت ياسىن). ..89 ـ بەت
13. ئەلشىر نەۋايى ھەققىدە ( رادىيو تورى ماقالىسى).............................104 ـ بەت
14. نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات ( رادىيو تورى ماقالىسى)..........108 ـ بەت
15 ئەلشىر نەۋايى ھاياتىنىڭ ۋە ئىجادىنىڭ قىسقىچە سالنامىسى........................112 ـ بەت
16. نەۋايى ۋە ئانا تىل غورۇرى ( ئەسئەت سۇلايمان )..............................114 ـ بەت
17. ئەلشىر نەۋايىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرلەش خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى......123 ـ بەت
18. « غەرايىبۇسسىغەر » دىن تاللانغان غەزەللەر ..................................128 ـ بەت




ئەلشىر نەۋايى ھەيكىلى ( ئۆزبېكىستاندا )




ئەلشىر نەۋايى رەسمى ( رەسسام: غازى ئەھمەد )

# ئەنئەنىۋى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى

## فەرىدە ئەمىن

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ نامى دۇنيادا ئۆتكەن بارلىق ئۇلۇغ زاتلارغا بېغىشلانغان شان ـ شەرەپلەرگە تەبىئىي يوسۇندا ماس كېلىدۇ. نەۋايىنىڭ نامىغا بېغىشلانغان بارلىق نامۇنشانلار ئۇنىڭ ھەققىي سۈپىتىنى تولۇق ئىپادە قىلىپ بېرەلمەيدۇ. نەۋايى، ئىنسان تەپەككۇر يۈكسەكلىكىنىڭ دەللىلى ۋە ئۆزى بىر مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىنساندۇر.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئەلىشىر نەۋايى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ شەرەپ ـ ئىپتىخارى بولۇپ قالدى. ئۇ مىللەت، دىن ۋە دۆلەت چېگرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىدىكى سىماغا ئايلاندى. نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەرقانداق ئېتىقاد ۋە سىياسىي قاراشتىن مۇستەسنا خەلقئارالىق ھادىسە بولۇپ قالدى. بۇرۇن نەۋايى نوقۇل ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغان بولسا، ئەمدى ئۇ ئاللىقاچان ئەدەبىيات ساھەسىدىن باشقا ساھەلەرگە تومۇر يېيىپ، سىياسىيشۇناسلىق، ئىجتىمائىيەت، پەلسەپە، مەدەنىيەت ـ سەنئەت، دىن ۋە تىلشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەر بويىچە مەخسۇس تەتقىق قىلىنىدىغان سىستېمىلىق يېڭى ـ نەۋايىشۇناسلىققا تەرەققىي قىلدى. ھازىر تەخمىنەن 90 گە يېقىن دۆلەتتە نەۋايىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. بەزى دۆلەتلەردە مەخسۇس نەۋايىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالاھىدە مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئورۇنلاردا زور بىر تۈركۈم نەۋايىشۇناس ئالىملار يېتىشىپ چىقتى ۋە ئۇلار بۇ ساھەدە بىر مۇنچىلىغان ئىلمىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. دېمەك، نەۋايىشۇناسلىق ھازىرقى دۇنيادىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى نامايان قىلماقتا. ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ كۆپ مەنبەلىك ۋە كۆپ قۇتۇپلۇق ئىدىئولوگىيە تەرەققىياتى تارىخىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ھەرقانداقى

بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا ئېتىراپ قىلماقتا.

مەملىكىتىمىزدە نەۋايىشۇناسلىقنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ئېخىمۇ زور. «قانۇن ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش بىلەن ئەخلاق ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش» تەكىتلىنىۋاتقان، پۇقرالار ئەخلاقىي تەربىيىسى قانات يايدۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەتقىق ۋە تەشۋىق قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «ھاياتى بىر گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۈرنىكى بولغان» نەۋايىنىڭ ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەخلاق ئىدىيىسى سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق جەۋھەرلىرى بىلەن زامانىۋى ئەخلاق مىزانلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق يېڭىچە ۋە زامانغا لايىق ئەخلاقىي قاراشلارنى بەرپا قىلىش ـ «قانۇن ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش بىلەن ئەخلاق ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش»نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەۋايىنىڭ قانۇن ئىدىيىسى، دۆلەت باشقۇرۇش ھەققىدىكى تەلىماتلىرى، جەمئىيەت قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى قاتارلىق تەرەپلەرمۇ ناھايىتى زور تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. بۇلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئىدىيىۋى مىراسلاردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە قۇرۇلمىسىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، «ئۆتمۈشتىكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، نەۋايىشۇناسلىق ئېلىمىزدە خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. لېكىن كۆپ ھاللاردا بىزدىكى يەنى ـ ئۇيغۇرلاردىكى نەۋايىشۇناسلىق ئازادلىقتىن كېيىنكى بىرقانچە ئون يىلغا، بەلكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. توغرىسى شۇكى، ئازادلىقتىن كېيىنكى نەۋايى ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئىزاھلاش، نەۋايىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشلار، نەۋايىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي پائالىيەتلەر، ئۇيغۇرلاردىكى

ئەنئەنىۋى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ راۋاجى ۋە يېڭى دولقۇنىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئۇيغۇرلاردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ بىرقانچە يۈز يىللىق تارىخى بار.

ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت ئىجاد قىلىشتۇر. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەر ۋە شۇ مەنبەلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، نەۋايىنىڭ بەدىئىي مىراسلىرى نەۋايى زامانىسىدىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. نەۋايى ياشىغان شۇ دەۋرلەردىلا ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىچىدە نەۋايىنىڭ بىرمۇنچىلىغان ئىخلاسمەنلىرى بارلىققا كېلىپ، ئۇلار نەۋايىنى ئۆزلىرىنىڭ «پىر ـ ئۇستازى»، «مەنىۋى يېتەكچىسى» دەپ بىلگەن، ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئۇنىڭ ئۇسلۇبى، ئىستىلى ۋە ئىدىيىۋى خاھىشى قاتارلىقلاردىن ئوزۇق ۋە ئۆرنەك ئالغان. بۇنداق قىلىش، ئەلۋەتتە نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشاتتى. بۇ تەسەۋۋۇرغا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابىرنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

بابىر نەۋايى زامانىسىدا ياشىغان بولۇپ، ئۇ نەۋايى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولغان. نەۋايىنى ئۈلگە قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. نەۋايىنىڭ شۇ چاغلاردا تەييار بولغان دىۋانلىرىنى تەپسىلىي ئۆگىنىش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، نەۋايى ئەسەرلىرىدىن تاللانما دىۋان تۈزگەندى. بۇنىڭدىن بابىرنى دەسلەپكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. بابىردىن كېيىن نەۋايىنى تەتقىق قىلغان يەنى، نەۋايىنىڭ نەسلى ـ نەسەبى توغرىسىدا ئىزدەنگەن ۋە مەلۇمات توپلىغان كىشى، مەشھۇر تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدە كۆرەگاندۇر. نەۋايى ئۆز ھاياتىدا ئادەمنىڭ زېھنى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى ھۆددە قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق سەۋەبىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىشقىلىپ ئۆزىنىڭ نەسەبى ۋە نەسلى توغرىسىدا بىرەر نەرسە يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس. نەۋايىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى، ئەسلى ئەجدادىنىڭ كىم بولغانلىقى توغرىسىدا باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، زامانىسىنىڭ

نەۋايىشۇناسلىرى ئارقىلىقلا خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. نەۋايى ۋاپات بولۇپ 05 ـ 04 يىللاردىن كېيىن، مىرزا ھەيدەر كۆرەگان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە نەۋايى توغرۇلۇق:«ئۇنىڭ ئەسلى زاتى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى كىچىك باخشى دەپ ئاتىلاتتى، ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى...» دەپ يازغان. تۈركىيە ئالىمى ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىق ھازىرقى زامان ئالىملىرى نەۋايى تەتقىقاتىدا مىرزا ھەيدەرنىڭ يۇقىرىدىكى بايانىنى ئىناۋەتلىك، دەپ قارايدۇ. نەۋايى بىلەن ئەسىرداش بولغان ئۇيغۇر شائىر، ئەدىبلىرىدىن مەھمۇدى (سۇلتان مەھمۇدخان)، سەئىدى (سۇلتان سەئىدخان) ئايازبېك قۇشچى، رەشىدى (سۇلتان ئابدۇررەشىدخان) قاتارلىقلارنىڭ ۋاستىلىك ھالدا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەزى ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭمۇ نەۋايى ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلغانلىقىنى، ئەڭ بولمىغاندا شېئىرىي تىل جەھەتتە نەۋايىدىن ئۈگەنگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئەينى دەۋردە، خۇسۇسەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا نەۋايىنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ماھىر ئۇيغۇر خەتتاتلىرى تەرپىدىن ھۆسنخەت بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، نەپىس مۇقاۋىلانغان زىننەتلىك نۇسخىلىرى ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇلاردىن بىر مۇنچىلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە ساقلانغانلىرىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن. ئەنە شۇ دەۋرلەردىن باشلاپلا نەۋايى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدرىسلىرىدە ئەدەبىيات، ئەخلاق قاتارلىق مۇھىم دەرسلىكلەر ئۈچۈن قوللانما قىلىنغاندى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ مەشھۇر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىرمۇنچە ئاھاڭلىرى نەۋايى تېكىستلىرى بىلەن بىرلىششكە باشلىدى ۋە بارا ـ بارا ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىرمۇنچە كۇيلىرى نەۋايى غەزەللىرى ئاساسىدا مۇقىملىشىپ، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شائىر ۋە مۇقامشۇناس قىدىرخان يەركەندى، ئامانىسا خېنىم قاتارلىقلارنى شۇ دەۋر نەۋايىشۇناسلىرىنىڭ قاتارىدا تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. ئۇلار نەۋايى شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، تەبىئىتىنى ۋە سەزگۈسىنى تەتقىق قىلىپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئون ئىككى مۇقامنىڭ تۈرلۈك ئاھاڭلىرى بىلەن نەۋايىنىڭ ئالاھىدە

ئىچكى ھېسسىياتىنى بىرلەشتۈرۈپ، نەۋايى مىسرالىرىغا قايتىدىن ھاياتىي ئۇرغۇ ۋە تەسىر كۈچى بەخش ئەتتى. بۈگۈنگىچە نەۋايى پىسخىكىسىنى ئۇلارغا ئوخشاش ئۇنۇملۇك تەتقىق قىلغانلار ناھايىتى ئاز.

بۇ دەۋرلەردە يەنە مەشھۇر شائىر ھىرقەتى ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ناملىق ئەسىرىدە نەۋايىنىڭ «لىسانۇت ـ تەير» ناملىق ئەسىرىگە يېقىندىن ياندىشتى؛ شائىر موللا پازىل نەۋايىنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن»ىدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزىنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن»نى ئىجاد قىلدى؛ شائىر سەلاھى «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىنى ئىشلەشتە نەۋايىنىڭ «لىسانۇت ـ تەير»ىدىن ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق ئالدى... بۇلار سەئدىيە دەۋرىدىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ سەمەرىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

سەئدىيە دەۋرىدە باشلانغان ۋە كېيىن خوجا جاھان ئەرشى زامانىسىدا ئەۋجىگە چىققان نەۋايى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش پائالىيىتى ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ بىر قېتىملىق يۇقىرى دولقۇنى ئىدى. خوجا جاھان ئەرشى ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان ئالىم، ئەدىب، شائىرلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سەئدىيە خانلىقىدىن كېيىنكى مەرىپەت ۋە مەدەنىي ئىدىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھامىيسى بولغانىدى. نەۋايىشۇناسلىقنىڭ بۇ قېتىمقى يۇقىرى دولقۇنىدا فۇتۇھى، موللا يۇنۇس يەركەندى، ئۆمەرباقى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر مەيدانغا چىقتى. خوجا جاھان ئەرشى تالانتلىق شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك قاراش جەھەتتە نەۋايى بىلەن يېقىنلىقشاتتى. «ئەرشى نەۋايىنى ئۆزىنىڭ غايىۋى ئۇستازى قىلىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتتە بولغان. ئۆز ئىجادىدا ئۇنىڭدىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا يېقىندىن ياندىشقان. بىز ئەرشى شېئىرلىرىدىن نەۋايى كۆز قاراشلىرىنى نامايان قىلغان ۋە ئۇنى ئىجادىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن مىسرالارنى ئۇچرىتىپلا قالماي، يەنە نەۋايى غەزىلىگە يېزىلغان نەزىرەلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز» دەپ يازىدۇ ئىمىنجان ئەخمىدى ئۆز ماقالىسىدا. مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇن نافائىس»ىغا تەقلىد قىلىنغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ؛ ئۆمەر باقى نەۋايى

ئەسەرلىرىنى ئۇنۇملۇك تەتقىق قىلىپ ۋە ئۆگىنىپ، نەۋايىنىڭ «خەمسە»سى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» ، «فەرھاد ـ شىرىن» داستانلىرىنى يېزىپ چىققاندى؛ موللاسىددىق يەركەندى نەۋايى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن نەتىجە يارىتىپ، زور تىرىشچانلىق بىلەن نەۋايى ئەسەرلىرىنى نەسرىي شەكىلدە ئىشلەپ چىقتى. ئۇ نەۋايى «خەمسە»سىنى راۋان ۋە پاساھەتلىك تىل بىلەن ھېكايىلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇش بىلەن، زامانىسىدىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى بولۇپ قالدى. موللا سىددىق يەركەندى «نەسرىي خەمسە» ناملىق ئەسىرىدە نەۋايى «خەمسە»سىدىكى «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «فەرھاد ـ شىرىن» ، «لەيلى ـ مەجنۇن» ۋە «خەمسە»گە تەۋە بولمىغان «لىسانۇت ـ تەير» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئىجادىي يوسۇندا، ئەدەبىي ئۇيغۇر تىلى بويىچە نەسرىي شەكىلگە كىرگۈزۈپ، نەۋايى بارلىققا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر تۈركىي خەلقلەر خەمسەچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ يېڭى ژانىر ياراتتى. نەۋايى شېئىرلىرىغا نەزىرەلەر يازغان شائىرلاردىن يەنە ئىبراھىم مەشھۇرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق توپلىمىدىكى بەزى غەزەللەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شۇ قېتىمقى نەۋايىشۇناسلىق يۇقىرى دولقۇنىنىڭ راسا ئەۋجىگە چىققان مەزگىلى بولدى. ئابدۇرېھىم نىزارى، نۇرۇز ئاخۇن كاتىب زىيائى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى ۋە ئۆمەر ھۇسەيىن سەبۇرىلار بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارى نەۋايىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان. نەۋايى ئەسەرلىرىنى تارقىتىشتا نۇرغۇن كۈچ ۋە ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى نەۋايى مىراسلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن. نىزارىنىڭ قەلىمىدە كۆچۈرۈلگەن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى چەت ئەللەرگىمۇ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى دۆلەتلەرنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. نىزارى يۇقىرىدىكىدەك ئەمگەكلىرىنىڭ مەھسۇلى ۋە نەۋايىنىڭ ئىزىدىن ماڭغانلىقىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە 19 ـ ئەسىر

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نىزارى «خەمسەچىلىكى»نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئاساس تىكلىدى؛ نۇرۇز ئاخۇن زىيائى بولسا، نىزارىنىڭ زامانىدىشى، مەسلەكدىشى، دوستى ۋە ئىشدىشى بولۇپ، نىزارى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەش داۋامىدا، نەۋايىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئۆزگىچە خاس تۆھپە ياراتتى. تۇردى غەرىبى نىزارىنىڭ يۇرتدىشى بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن نىزارىنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئۇمۇ نەۋايىشۇناسلىقتا مەلۇم نەتىجە ياراتقان شائىردۇر. بىر زاماندا ياشاپ، بىر مەسلەك ئۈچۈن تىرىشقان بۇ ئۈچ ئەدىب ھەمجەھەتلىك بىلەن ئىشلەش نەتىجىسىدە 18 پارچە داستان ۋە قىسسە، 24 ھېكايىدىن تۈزۈلگەن زور ھەجىملىك توپلامنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. باشقىلار تەرىپىدىن «غەرىبلەر ھېكاياتى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ توپلامغا نىزارىنىڭ بىر مۇقەددىمىسى بىلەن ئۈچ داستانى(«فەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»)، زىيائىنىڭ ئۈچ داستانى («ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەسئۇد ـ دىلئارا»، «رابىئە ـ سەئدىن»)، غەرىبىنىڭ بىر داستانى («شاھ بەھرام») كىرگۈزۈلگەن. بۇ داستانلاردا ئۇسلۇب ۋە شەكىلدىن مەزمۇنغىچە پۈتۈنلەي نەۋايىنىڭ ئەنئەنىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خۇددى نەۋايى ئۆز داستانلىرىغا شۇ دەۋرنىڭ تارىخىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغىنىدەك، نىزارىلارمۇ ئۆز داستانلىرىدا ئۆزلىرى ياشىغان زامانىدىكى رېئال ھادىسىلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. مۇھىمى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقەلەرنى ماتېرىيال قىلغان ھالدا (مەسىلەن:«رابىئە ـ سەئدىن»)، «خەمسە»چىلىكنىڭ مەزمۇنىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، شېئىرىيەتنىڭ «خەمسە»دىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك بىناسىنى ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىسى بويىچە زىننەتلىدى. بۇ ئۇلارنىڭ نەۋايىشۇناسلىقتا ئېرىشكەن زور مۇۋەپپەقىيىتىدۇر.

ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى ئۇيغۇر نەۋايىشۇناسلىقىدا ئالاھىدە يول تۇتۇپ، نەۋايى ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلدى. بۇ ساھەدە سەبۇرىنىڭ «نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» ۋە «مەقالات» ناملىق ئىككى ئەسىرى بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە. ئالدىنقى ئەسەردە سەبۇرى نەۋايىنىڭ ئادالەت ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئىلمىي شەرھلەپ، نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەر روھىغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالەتنىڭ ھامان جاھالەت ئۈستىدىن غالىب

كېلىشىگە ئىشىنىشتەك نەۋايىچە نۇقتىئىنەزەرىنى نامايىش قىلىدۇ. كېيىنكى ئەسىر «ماقالات» نەۋايىنىڭ «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» ۋە «لىسانۇت ـ تەير» قاتارلىق داستانلىرىغا جاۋاب تەرىقىسىدە يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىنمۇ نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

19 ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەندە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئەدىب ۋە تارىخچى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىئمەتۇللا مۇئجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە نەۋايى توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىپ قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان.

يۇقىرىدىكىلەر ئۇيغۇرلاردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ياكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلاردىكى نەۋايىشۇناسلىق تۆۋەن دولقۇنغا چۈشۈپ قالدى (پەسىيىپ قالدى). ئەمما مۇشۇ بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن كۆپلىگەن ئەدىب ـ شائىرلار بارلىققا كېلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ھېسسىيات ۋە ئىلھاملىرىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىلمىي ـ ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ھەرقانداق بىرسىنى نەۋايىنى ئۆگەنمىگەن، نەۋايىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلمىغان دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇ نەۋايىنى ۋە ئۇنىڭ بىرەر ـ ئىككى مىسرا شېئىرىنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر بولمىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك نەۋايى دەۋرىدىن كېيىنكى بەش يۈز يىل داۋامىدا ئۇيغۇر مەدرىسلىرىدە نەۋايى ئەسەرلىرى مۇھىم ئوقۇشلۇق بولۇپ كەلدى. بۇنداق مەدرىسە ـ مەكتەپلەرنى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ «بۆشۈكى» دېيىش خاتا بولمىسا كېرەك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر نەۋايىشۇناسلىقىغا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، نىمشېھىت، ل.مۇتەللىپ، ئەھمەد زىيائى ۋە تېيىپجان ئېلىيوۋ قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۈسۈپ يېتىلىش جەريانىنى نەۋايىسىز تاماملىمىغانلىقى شۈبھىسىز. ئۇلارنىڭ ئىجادىي مېھنەتلىرىنى نەۋايىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قاراش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. نىمشېھىتنىڭ «مىڭئۆي ۋە فەرھاد ـ شىرىن» داستانىدا نەۋايىنىڭ ھىدى سېزىلگىنىدەك، ئەھمەد زىيائىنىڭ

«رابىئە ـ سەئدىن»دىن نەۋايىنىڭ ياراملىق شاگىرتى نىزارىنىڭ ھەمدە نىزارى ۋاستىسى ئارقىلىق، شۇنداقلا بىۋاستە ھالدا نەۋايىنىڭ ئىزنالىرى ئەكس ئېتىدۇ. تېپىپچان ئېلىيوۋ بولسا نەۋايىنى ئۆگەنگەنلىكى ۋە تەتقىق قىلغانلىقى ئۈچۈن شېئىرىي ئىجادىيەتتە زور ئۇتۇققا ئېرىشتى. نەۋايىنى چۈشەنگىنى ئۈچۈن نەۋايى غەزەللىرىدىن تولىلام تۈزەلگەنىدى.

بۈگۈنكى كۈندە نەۋايىشۇناسلىق ئۇيغۇرلاردا قايتىدىن يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. نەۋايىنىڭ تۈرلۈك ئەسەرلىرى تۈنجى قېتىم ۋە ياكى قايتىدىن نەشر قىلىنىپ، نەۋايىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ئەمگەكلەر مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى نەۋايىشۇناسلىق ئۇيغۇرلاردىمۇ ئوخشاشلا مەخسۇس ئەدەبىيات ساھەسى بويىچە ئېلىپ بېرىلماي، بەلكى باشتا دېيىلگەندەك تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى نەۋايىشۇناسلىقتا ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، مۇھەممەد سالىھ داموللام، جاپپار ئەمەت، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ئەسئەت سۇلايمان، ئەسقەر ھۈسەيىن قاتارلىقلار مەخسۇس تېمىلاردىكى ئىلمىي ماقالىلىرى، نەۋايى ئەسەرلىرىنى شەرھلەش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدىبلەر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ھەمدە نەۋايىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ئىلىم دۇنياسىدىكى ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلىشتا ھەرقايسىسى ئۆزگە خاس تۆھپىلەرنى ياراتماقتا.

ئومۇمەن، نەۋايىنىڭ روھى ۋە ئىزى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن. نەۋايى مىسرالىرى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، بىناكارلىق قاتارلىق ساھەلەردىمۇ كەڭ قوللىنىلغان. ھەتتا ئۇيغۇرلاردىن نەۋايىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئادەم مەسخىرىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق ئىكەن، نەۋايىشۇناسلىق ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلەر بىلەن دۇنيا نەۋايىشۇناسلىقىدا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىشى (ئورۇن تۇتۇشى) كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا نەۋايىغا غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ مۇنداق خىتاب قىلغان ئىكەن: «سەن قىلىچسىز، پەقەت قەلىمىڭ ئارقىلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرىسەن. ئۇلارنى ئۇلۇس ھالىتىگە كەلتۈرىسەن. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشايدىغان ئىقلىملار ساڭا مەنسۇپتۇر. سەن ئۇلۇسنىڭ ساھىبقىرانىسەن...». ئەمەلىيەتتە بۇ نەۋايىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە قىلغان خىتابى بولۇپ، بۇنىڭدىن نەۋايىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى، ئۆز ئەمگىكىنىڭ قىممىتىنى نەقەدەر توغرا باھالىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ باھاسىدىن كۆپ ئارتۇق بولدى. بۈگۈنكى كۈندە پەقەت تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق دىلى نۇرلۇق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ سەرخىللىرى، قايسى مىللەت، قايسى ئىقلىمنىڭ كىشىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نەۋايىنىڭ روھىي سىيماسى ئالدىدا تازىم قىلماقتا. بۇ شان ـ شەرەپتە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. چۈنكى، نەۋايى ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى ۋە غۇرۇرى.

ئاساسلىق پايدىلانغان ماتېرىياللار:

.1مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى.«

.2ئىمىن تۇرسۇن «نەۋايىنىڭ 550 يىللىقى»، «بۇلاق» 1991 ـ يىل 4 ـ سان.

.3ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر«

.4ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان: «ئەلشىر نەۋايى»، «بۇلاق» 2001 ـ يىل 5 ـ سان.

.5موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىئمەتۇللا مۇئجىزى «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۈپەيتكەن قول يازما نۇسخا.

)ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى

# ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى

(1)  «بەدايىئۇل ـ بىدايە»

» (2)ناۋادىرۇن ـ نىھايە«

» (3)چاھار دىۋان»(«خەزايىنۇل ـ مەئانى:(«

» ›1‹غەرايىبۇس ـ سىغەر«

» ›2‹نەۋادىرۇش ـ شەباب«

» ›3‹بەدايىئۇل ـ ۋەسەت«

» ›4‹فەۋائىدۇل ـ كىبەر«

» (4)خەمسە»(«خەمسە نەۋائى:(«

» ›1‹ھەيرەتۇل ـ ئەبرار. «

» ›2‹پەرھاد ـ شىرىن. «

» ›3‹لەيلى ـ مەجنۇن. «

» ›4‹سەبئىي سەييارە. «

» ›5‹سەددى ئىسكەندەرىي. «

» (5)مەجالىسۇن ـ نەفائىس. «

» (6)نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت. «

» (7)رىسالەئى ـ مۇئەمما. «

» (8)مىزانۇل ـ ئەۋزان. «

» (9)مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەيىن. «

» (10)مۇناجات. «

» (11)ئەربەئىن«

» (12)نەزمۇل ـ جەۋاھىر. «

» (13)لىسانۇت ـ تەيىر. «

» (14)سىراجۇل مۇسلىمىن. «

» (15)مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب. «

» (16)تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما. «

« (17)تارىخى مۈلكى ئەجەم.«

« (18)زۇبدەتۇل ـ تەۋارىخ.«

« (19)ھالاتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر.«

« (20)خەمسەتۇل ـ مۇتەھەييىرىن.«

« (21)ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد.«

« (22)ۋەقفىيە.«

« (23)مۇنشەئات.«

« (24)دىۋان فانى»(پارسچە شېئىرلار توپلامى.)

« (25)مۇفرەدات»(پارسچە ئىلمى ئەسەر)

*****************

## Elishir newayi eserlirining katalogi:

(1) «bedayi'ul－bidaye»

(2) «nawadirun－nihaye»

(3) «chahar diwan»(«xezayinul－me'ani»):

›1‹ «gherayibus－sigher»

›2‹ «newadirush－shebab»

›3‹ «bedayi'ul－weset»

›4‹ «fewa'idul－kiber»

(4) «xemse»(«xemse newa'i»):

›1‹ «heyretul－ebrar».

›2‹ «perhad－shérin».

›3‹ «leyli－mejnun».

›4‹ «seb'iy seyyare».

›5‹ «seddi iskenderiy».

(5) «mejalisun－nefa'is».

(6) «nesayimul－muhebbet».

**(7) «risale'i - mu'emma» .**

**(8) «mizanul - ewzan» .**

**(9) «muhakimetul - lugheteyin» .**

**(10) «munajat» .**

**(11) «erbe'in»**

**(12) «nezmul - jewahir» .**

**(13) «lisanut - teyir» .**

**(14) «sirajul muslimin» .**

**(15) «mehbubul - qulub» .**

**(16) «tarixy enbiya we hökûma» .**

**(17) «tarixy mülkiy ejem» .**

**(18) «zubdetul - tewarix» .**

**(19) «halati seyyid hesen erdeshir» .**

**(20) «xemsetul - muteheyyirin» .**

**(21) «halati pehliwan muhemmed» .**

**(22) «weqfiye» .**

**(23) «munshe'at» .**

**(24) «diwan fani»(parsche shé'irlar toplami).**

**(25) «mufredat»(parsche ilmiy eser)**

****************

# نەۋائىي 570 ياشتا

ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت

2011 ـ يىلى 15 ـ ئەسىر ئىنسانىيەت مەنىۋىيەت خەزىنىسىنىڭ يارقىن يۇلتۇزلىرىدىن بىرى، تۈركىي شېئىرىيەت ئاسمىنىنىڭ قۇياشى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغىنىغا 570 يىل بولغان قۇتلۇق بىر يىلدۇر.

گەرچە، نەۋائىي بىلەن بىزنىڭ دەۋرىمىزنى 500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مۇساپىسى ئايرىپ تۇرسىمۇ، شائىرنىڭ دىللارغا ھوزۇر بېغىشلىغۇچى ئوتلۇق غەزەللىرى، قەلبلەرنى نۇرغا تولدۇرغۇچى ھېكمەت دۇردانىلىرى ھەر ۋاقىت قۇلىقىمىز تۈۋىدە ياڭراپ، بىزنى ھاياتنى سۆيۈشكە، ئۆزىمىزنى قەدىرلەشكە، «ئىنسان» دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇناسىپ ئادەم بولۇشقا دەۋەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

نەۋائىينىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى بىز ۋە بىزدىن ئالدىنقىلارغا ياخشى تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ياشلار، بولۇپمۇ يېڭى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بۇغۇنلىرىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ مۇبارەك نامىنى ۋە ھايات مۇساپىسىنى، بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك ئەدەبىي ۋە ئىلمىي مىراسلىرىنى تولۇق بىلىشى ناتايىن. شۇڭا، مەن شائىرنىڭ 570 يېشىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتىم .

## شائىرنىڭ ھايات مۇساپىسى

نىزامىددىن ئەلشىر نەۋائىي ھىجرىيە 844 ـ يىلى رامزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى (مىلادىيە 1441 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) ھىرات شەھرىدە تۇغۇلغان. ھىرات شەھرى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ساھىبقىران ئەمىرتېمۇر ئاساس سالغان بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ ئىككىنچى پايتەختى، تېمۇرنىڭ كەنجى ئوغلى شاھرۇخ مىرزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئاۋات مەنزىللەردىن بىرى ئىدى .

ئەلشىر تۇغۇلغان خاندان تېمۇرىيلەر سارىيىغا يېقىن بولۇپ، ئەلدە مۇئەييەن نوپۇزغا ئىگە ئىدى. ئەلشىرنىڭ بالىلىقى شاھرۇخ مىرزا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا توغرا كېلەتتى. ئۇ تېمۇرىيزادەلەر، جۈملىدىن

بولغۇسى پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە تەربىيەلەنگەن. ئەلىشىر تۆت يېشىدا مەدرىسكە بارىدۇ ۋە تېزلا ساۋات چىقىرىپ تۈركى ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان شېئىرلارنى يادلاشقا باشلايدۇ .

1447 ـ يىلى پادىشاھ شاھرۇخنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئەلدە مالىمانچىلىق يۈز بېرىپ، تەخت تالىشىش كۆرىشى باشلىنىدۇ. مالىمانچىلىق كۆپلىگەن ئائىلىلەرنى يۇرتىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەلىشىر ئائىلىسىدىكىلەرمۇ يۇرتىنى تەرك ئېتىدۇ. شۇ كەتكىنىچە ئىككى يىل ئۆتۈپ ئاندىن ھىراتقا قايتىپ كېلىدۇ.

1452 ـ يىلى شاھرۇخنىڭ نەۋرىسى ئوبۇلقاسىم بابۇر ھىراتتا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەلىشىرنىڭ ئاتىسى غىياسىدىن كىچىك سەبزەۋار شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. لېكىن ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، غىياسىدىن كىچىك ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئەلىشىر ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇر ئەلىشىر ۋە ئۇنىڭ دوستى ھۈسەيىننى ئۆز تەربىيەسىگە ئالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە مەشھەدكە ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىنچە، ھۈسەيىن ئەلەم يولنى، ئەلىشىر قەلەم يولىنى تاللاپ، زامانىسىنىڭ «مەلىكۇل كالامى»(سۆز شاھى) مەۋلانە لۇتفىينىڭ تەھسىنىگە سازاۋەر بولغان ئېستىدات ساھىبى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ .

ئەلىشىر 10 ـ 12 ياشتىن تارتىپلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېستىداتىدىن مەمنۇن بولغان مەۋلانە لۇتفىي ئەلىشىرنىڭ:

«ئارەزىن ياپقاچ كۆزۇمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،

بۆيلەكىم، پەيدا بولۇر يۇلدۇز نىھان بولغاچ قۇياش.»

مەتلەئى بىلەن باشلىنىدىغان بۇ غەزەلنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئەگەر مۇيەسسەر بولسا ئىدى، ئۆزۈمنىڭ پارس ۋە تۈركىي تىلدا يېزىلغان 10 ـ 12 مىڭ بېيىتمنى شۇ غەزەلگە تېگىشكەن بولار ئىدىم...» دېگەن. ئەلىشىر 15 يېشىدا يۇرتتا شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئۆزى «پېقىرنىڭ نەزمىلىرى خوراساندا شۆھرەت تۇتتى ئەردى» دەپ يازىدۇ.

تەقدىر نەۋائىينى زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ ھەم شەرەپلىك كىشىلىرىگە يېقىن دوست قىلىدۇ. شائىرنىڭ 1466 ـ 1468 ـ يىللىرىدىكى ئۆمرى ئاساسەن سەمەرقەندتە ئۆتىدۇ. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھىراتنى

ئىگەللىگەندە، نەۋائىي 28 ياشقلىق نەۋقىران يىگىت بولۇپ، مۇكەممەل بىلىم ساھىبى، يۇرتقا تونۇلغان شائىر ۋە تەجرىبىلىك دۆلەت ئەربابى بولۇپ يېتىشكەن ئىدى .

1469 ـ يىلى نەۋائىي سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئىلتىماسى بىلەن سەمەرقەندتىن ھىراتقا قايتىدۇ ۋە روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن دوستىغا ئاتاپ يازغان «ھىلالىيە» قەسىدىسىنى ھۈسەيىن بايقاراغا تەقدىم قىلىدۇ. ھۈسەيىن بايقارا ئەلشىرنى ئۇردا مۆھۈردارى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلشىرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىششى باشلىنىدۇ. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ مۆھۈردارلىقنى يېقىن دوستى ۋە مەسلەكدىشى ئەمىر شەيخىم سۇھەيلىگە تاپشۇرىدۇ.

1472 ـ يىلى ھۈسەيىن بايقارا دوستى ئەلشىرنى دۆلەتنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا «ئەمىر كەبىر»(ئۇلۇغ ئەمىر) ئۇنۋانىنى بېرىدۇ. نەۋائىي بۇ مەنسەپكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، زېھنىنى دۆلەتنىڭ تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقى، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قارىتىدۇ. ھىرات بۇ دەۋردە ناھايىتى ئاۋات ۋە كۆركەم تۈسكە كىرىدۇ. خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، شېئىرىيەت، سەنئەت ئىشلىرى راۋاجلىنىدۇ.

ئەلشىر نەۋائىي ۋەزىر بولغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ھىراتتا ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن «ئىخلاسىيە» مەدرىسەسى، دەرۋىشلەر ئۈچۈن «خالاسىيە» خانىقاسى، بىمارلار ئۈچۈن «شىپاھىيە» شىپاخانىسى، تالىپلار ئۈچۈن «دارۇل ھۇففاز» قارىيخانىسى قۇرۇلىدۇ. نەۋائىينىڭ كۇتۇپخانىسىدا 70 تىن ئارتۇق خەتتات ۋە رەسسام قولىيازمىلارنى ئاققا كۆچۈرۈش ۋە سەنئەتلىك بېزەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ دەۋردە، يەنە ھىراتتا «نىزامىيە»، مەرۋىدە «خۇسرەۋىيە» مەدرىسەسى قۇرۇلىدۇ. نەۋائىي مەدرىسە، شىپاخانىلارنى قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارنى ئۆز لايىقىدا بېزەش، كۈندىلىك خىراجەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋەخپە يەرلەرنى ئاجرىتىپ بېرىش، مۇدەررىس، تېۋىپ ۋە باشقا خادىملارنى تەيىنلەش، ئۇلارغا مائاش، ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ۋە كىتابلىرىغىچە بولغان بارچە ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاستە ئارىلىشىدۇ. شائىر ئۆز ھۇزۇرىغا شېئىرىيەت، ئىلىم ۋە سەنئەت ئەھلىنى پات ـ پات چاقىرتىپ، سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ياش ئىستىدات ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ، ئۇلارغا ئۆز ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

خاندەمىر، بېھزاد، ۋاسفىي ۋە باشقا شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ نەچچە ئونلىغان نامايەندىلىرى ئەنە شۇ تەربىيەگە ئائىل بولغانلاردىندۇر.

بۇ دەۋردە، ھېراتتا ئەدەبىي ھايات ئاجايىپ جانلانغان بولۇپ، پۈتكۈل خۇراسان مەنىۋى ھاياتىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇراھمان جامى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستاز ـ شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلدا پۈتكەن تۇنجى قەسىدىسى «ھىلالىيە»نى دوستى سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا بېغىشلىغان بولسا، پارس تىلدا يازغان تۇنجى يىرىك ئەسرى «تۇھفەتۇل ئەفكار»(1476 ـ يىلى) قەسىدىسىنى ئابدۇراھمان جامىغا بېغىشلايدۇ.

مانا شۇ دەۋردە، يەنى 1470 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا نەۋائىي ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان تۇنجى دىۋانى «بەدايىئۇل بىدايە»نى تۈزىدۇ. بۇ دىۋاندا ئۇنىڭ ياشلىق پەيتلىرىدە يازغان 8000 دىن ئارتۇق شېئىرى جەملەنگەن بولۇپ، بۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تۇنجى باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي مەنسۇپ بولغان ئەدەبىي ھاياتتا شېئىرىي ژانىرلاردىن غەزەل، قەسىدە، بولۇپمۇ مۇئەممما يېزىشقا قىزىقىش ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. نەۋائىي ئۆزىنىڭ پارس تىلىدىكى دىۋانىغا 373 مۇئەمما كىرگۈزگەن. مانا شۇ قىزىقىشلار تۈپەيلى 1485 ـ يىلى ئۇ مۇئەمما يېزىش قائىدىلىرى ھەققىدە «مۇفرەدات» ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ.

نەۋائىيدا ياشلىقىدىنلا تۈركىي تىلدا «خەمسە» يېزىش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ. شائىر بۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا 1483 ـ يىلى كىرىشىپ، ئۆزىنىڭ بۈيۈك «خەمسە» ئەسىرىنى يېزىشنى باشلايدۇ ۋە ئۈچ يىلدا، يەنى 1485 ـ يىلى تاماملايدۇ. بەش داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كاتتا بەدىئىي قامۇس 50 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق بولۇپ، نەۋائىينىڭ پۈتكۈل شېئىرى ئەسەرلىرىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ .

نەۋائىي شۇ يىللاردا يەنە ئىككىنچى دىۋانى «نەۋادىرۇن نىھايە»نى تۈزۈشكە باشلايدۇ. شائىر تارىخى ھەقىقەتكە ئۆز مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈشنى زۆرۈر دەپ قاراپ «زۇبدەتۇت تەۋارىخ» ئەسىرنى يېزىپ تاماملايدۇ.

1487 ـ يىلى، نەۋائىي ئاستىرابادقا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ ھال شائىرنىڭ نازۇك تەبىئىتى ئۈچۈن مۇئەييەن دەرىجىدە ئازارلىق تۇيۇلىسىمۇ، «شاھ ئەمرى ۋاجىپ» دەپ بىلگەن نەۋائىي ئاستىرابادقا بارىدۇ.

تۆۋەندىكى مىسرالار شائىرنىڭ مانا شۇنداق قەلب ئىزتىراپلىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن:

گاھى تاپتىم فەلەكدىن ناتەۋانلىغ،

گاھى كۆردۈم زاماندىن كامرانلىق .

بەسى ئىسسىق ـ ساۋۇق كۆردۈم زاماندە،

بەسى ئەچچىق ـ چۈچۈك تاپتىم جەھاندە .

بۇ ئارىدا شائىرنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن سەييىد ھەسەن ئەردەشىر(1482 ـ يىل)، ئابدۇراھمان جامى(1492 ـ يىل)، پەھلىۋان مۇھەممەد(1493 ـ يىل) ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنيادىن كۆز يۇمدۇ. نەۋائىي ئۆزى ئۈچۈن قەدىردان بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلاپ «ھالاتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر»، «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن»(بەش ھەيرەت)، «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد» قاتارلىق ھەسبىھال(تەرجىمھال) تۈرىدىكى ئەسەرلەرنى يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاستىرابادتا يېزىشقا باشلىغان «تارىخى مۈلكى ئەجەم»(ئەجەم پادىشاھلىرى تارىخى) ئەسىرىنى تاماملايدۇ.

ـ 1490يىلى نەۋائىي ئۆزىگە زاماننداش شائىرلار ھەققىدە جامىينىڭ «باھارىستان»، دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىينىڭ «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» ئەسەرلىرىنىڭ شەكلىدە «مەجالىسۇن نەفائىس» تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە كىرىشىپ، 1492 ـ يىلى تاماملايدۇ. يەنە شۇ يىللاردا، شائىر ئۆزىنىڭ ئارۇز ۋەزنى ھەققىدىكى «مىزانۇل ـ ئەۋزان»(ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى يېزىپ تۈگىتىدۇ. 1494 ـ يىلى تۈركىي تىلدىكى مەكتۇپلىرىنى توپلاپ «مۇنشائات»(مەكتۇپلار) توپلىمىنى تۈزىدۇ. 1495 ـ يىلى ئابدۇراھمان جامىينىڭ «نەفاھاتۇل ئۈنس» ئەسىرىنى «نەسايىمۇل مۇھەببەت»(مۇھەببەت شامالىرى) نامى بىلەن تەرجىمە قىلىپ، تولۇقلاپ ئىشلەپ بېيىتىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەر نەۋائىينىڭ ئىجادىي ئەسىرى دەپمۇ قارىلىدۇ. نەۋائىي 1491 ـ 1492 ـ يىللاردىن باشلاپ تۈركىي تىلدا يېزىلغان شېئىرلىرىنى توپلاپ، دىۋان تۈزۈشكە كىرىشىدۇ. بۇ ئىش 1498 ـ 1499 ـ يىللىرىدا ئۆز نىھايىسىگە يېتىدۇ. بۇ دىۋاننىڭ ئومۇمىي نامى «خەزائىنۇل

مەئانى»(مەنالار خەزىنىسى) بولۇپ، مۇستەقىل تۆت دىۋاندىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدا «چاھار دىۋان»(تۆت دىۋان) دەپ ئاتىلىدۇ. دىۋان شائىرنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا يازغان شېئىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلاردا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى كەيپىياتى، دۇنيا قارىشى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇ يىللاردا، شائىر يەنە پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان «دىۋانى فانى»نى ۋە پارس تىلىدىكى قەسىدەلەر توپلىمىنى تۈزىدۇ .

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شېئىرى تالانتى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تېخىمۇ جۇش ئۇرىدۇ. ئۇ 1497 ـ 1498 ـ يىللىرى ئىككى يىرىك ئەسەر «لىسانۇت تەيىر»(قۇشلار تىلى) داستانى بىلەن «مۇھاكىمەتۇل لوغەتەيىن»(ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) ناملىق ئىلمىي ئەسىرىنى يازىدۇ. شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»نى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەردە، شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ باشتىن كەچۈرگەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرى ۋە يەكۈنلىگەن ھايات ساۋاقلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ شەرق ئەدەبىيات تارىخىدا شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، كەيكاۋۇسنىڭ «قابۇسنامە»، نىزامى ئارۇزى سەمەرقەندىينىڭ «چاھار ماقالە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان بۈيۈك ئەسەردۇر .

1500 ـ يىللارغا كەلگەندە، شائىرنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىششقا باشلايدۇ. شۇ يىلى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئىسيان كۆتۈرگەن ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىن بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، ھىراتقا قايتىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ھۆكۈمدار دوستىنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈششۋاتقاندا ھوشىدىن كېتىپ، قايتا ئورنىدىن تۇرالماي، 1501 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 60 يېشىدا مەڭگۈ كۆز يۇمىدۇ. پۈتكۈل ھىرات خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى بىلەن ۋىدالىششقا كېلىدۇ ۋە يۇرت بويىچە يەتتە كۈن ماتەم تۇتىدۇ .

شائىرنىڭ ئەسەرلىرى

شائىرنىڭ تۈركىي تىلدا ياراتقان شېئىرىي مىراسى ئاساسەن «خەزائىنۇل مەئانى» دىۋانىغا جەملەنگەن. ئەسەر تۆت قىسمىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

» (1)غەرايىبۇس سىغەر»(باللىق غارايىباتلىرى(

» (2)نەۋادىرۇش شەباب»(يىگىتلىك نادىرلىقلىرى(

» (3)بەدايىئۇل ۋەسەت»(ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى(

» (4)فەۋائىدۇل كىبەر»(قېرىلىق پايدىلىقلىرى(

»خەزائىنۇل مەئانى» ئىنسان بالىسىنىڭ مۇرەككەپ ۋە يۈكسەك تەپەككۇرى ھەمدە چەكسىز ھېس-تۇيغۇلىرى بىلەن باغلىق بولغان مىڭلاپ غەزەل، رۇبائىي، قىتئە، تەرجىئىبەند، تەركىببەند، مەسنەۋى، ساقىينامە ۋە باشقا شەكىللەردە يېزىلغان شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توپلام بولۇپ، شەرق ئەدەبىيات تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل توپلام ئەلىشىر نەۋائىيدىن ئىلگىرى خېسراۋ دېھلەۋىي تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي «خەزائىنۇل مەئانى»غا قەدەر «ئىلىك دىۋان» ، «بەدائىيۇل بىدايە» ، «نەۋادىرۇن نىھايە» دىۋانلىرىنى تۈزگەن. «خەزائىنۇل مەئانى» ئەنە شۇ ئۈچ دىۋانغا كىرگەن ھەمدە «نەۋادىرۇن نىھايە» تۈزۈلگەندىن كېيىن يېزىلغان شېئىرلار ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، 45 مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نەۋائىي بەدىئىي مىراسىنىڭ سالماقلىق قىسمىنى تەشكىل قىلغان «خەزائىنۇل مەئانى»غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى شائىر ھايات چېغىدىلا كۆپلىگەن شەرق مەملىكەتلىرىدە كەڭ شۆھرەت قازانغان.

»خەزائىنۇل مەئانى»دىكى تۆت دىۋاننىڭ ھەربىرىدە 650 تىن جەمئىي 2600 غەزەل، 210 قىتئە، 133 رۇبائىي، 86 فەرد، 5 مۇئەمما، 13 تۇيۇق، 10 مۇخەممەس، 10 چىستان، بەش مۇسەددەس، تۆت تەرجىبەند، تۆت مۇستەھزاد، بىر مۇسەممەن، بىر تەركىبەند، بىر قەسىدە، بىر مەسنەۋى، بىر ساقىينامە بولۇپ، شەرق شېئىرىيىتىدىكى شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ 16 خىل تۈرى مەۋجۇت.

دېمەك، نەۋائىي شېئىرىيىتى ئەڭ ئاۋال ژانىرلىرىنىڭ كۆپ ھەم خىلمۇ-خىللىقى ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن تۈركىي تىل شېئىرىيەت تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

نەۋائىينىڭ لىرىك مىراسى ئۇنىڭغا قەدەر مەۋجۇت بولغان تۈركىي تىل شېئىرىيىتىنىڭ داۋامى بولۇپلا قالماي، بەلكى پارس-تاجىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. نەۋائىي لىرىكىسى ژانىرلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، مۇكەممەللىكى، پوئېتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي ئىپادىلەرنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ شېئىرىي دۇردانىلەر يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك

«خەزائىنۇل مەئانى» توپلىمىدا روشەن كۆرۈلىدۇ.

نەۋائىي لىرىكىسىنىڭ شېئىرىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتىنى بەلگىلىگۈچى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى. ئۇنىڭ ھاياتىغا ئۆز دەۋرىنىڭ دەۋر قىياپىتى، ئىلغار ئىجتىمائىي روھىنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. شۇنداقلا، نەۋائىي لىرىكىسى ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتقا يېقىن بولۇشى بىلەن كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى لىرىكىنىڭ بىر نەچچە ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىدا يۈكسەك بىر باسقۇچنى تەشكىل ئەتكەن .

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ شاھ ئەسىرى بەش داستاندىن تەشكىل تاپقان «خەمسە»دۇر. بۇ بەش داستان تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر :

» (1)ھەيرەتۇل ئەبرار»(ياخشىلارنىڭ ھەيرانلىقى( ،

» (2)فەرھاد ـ شىرىن«

» (3)لەيلى ـ مەجنۇن«

» (4)سەبئەئى سەييارە»(يەتتە سەييارە( ،

» (5)سەددىي ئىسكەندەر»(ئىسكەندەر سېپىلى (

پارس ئەدەبىياتىدىكى خەمسەچىلىككە جاۋابەن تۈركىي تىل ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم يارىتىلغان ئەلشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى بۇ تىلنىڭ ناھايىتمۇ باي ۋە چەكسىز ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن. 52 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان بۇ يىرىك ئابىدە 15 ـ ئەسىر ئىسلام تەپەككۇرىنىڭ تەبىئەت، ئىنسان، جەمىيەت، ئەخلاق ۋە كامالەت ھەققىدىكى ئۆزگىچە خاس قامۇسىدۇر .

شائىر ۋەقەلىكلىرىنى قەدىمىي شەرق تارىخىنىڭ خېسراۋ، بەھرام، ئىسكەندەر كەبىناملىرى ئەپسانە بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن شەخسلەر، لەيلى ۋە مەجنۇن كەبى ئاشىقلار ھاياتىدىن ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا يېڭى مەزمۇن، يېڭى تۈس بېرىپ، ئۆزگىچە روھ بېغىشلاش بىلەن بىرگە، دەۋرىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرىنى، ئەۋلادلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن .

« خەمسە » دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ زامان كىشىلىرىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. نەۋائىينىڭ

ئۇستازى ئابدۇراھمان جامى ئۇنى ھاياجان بىلەن ئالقىشلىغان. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا شائىرنى ئاق ئېتىغا مىندۈرۈپ، ئاتنى ئۆزى يېتىلەپ مېڭىش ئارقىلىق، شائىرغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرگەن .

ئەلىشىر نەۋائىي پۈتكۈل ھاياتىدا تۈركىي تىل بىلەن بىر قاتاردا پارس تىلىدىمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ تىلدىمۇ قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ بۇ تىلدىكى شېئىرلىرى ئىران ئالىمى يۇسۇپ شىرازى تەرىپىدىن 1495 ـ 1500 ـ يىللىرىدا دىۋان قىلىپ تۈزۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانى فانى» دەپ نام بېرىلگەن. مەزكۇر دىۋان 1963 ـ يىلى تېھراندا ، 1965 ـ يىلى تاشكەنتتە ، 1993 ـ يىلى دۇشەنبىدە نەشر قىلىنغان. «دىۋانى فانى»دىكى شېئىرلارنىڭ كۆپچىلىكى مەشھۇر پارس شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىغا جاۋابەن يېزىلغان .

ئەلىشىر نەۋائىي پارس تىلىدىكى قەسىدەلەردىنمۇ ئايرىم توپلاملار تۈزگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى «سىتتەتى زەرۇرىيە»(ئالتە زۆرۈرىيەت)، ئىككىنچىسى، «فۇسۇلى ئەربەئە»(تۆت پەسىل) دەپ ئاتالغان.

«سىتتەتى زەرۇرىيە» توپلىمىغا ئالتە قەسىدە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنى خىسراۋ دېھلەۋىي، جامىي، ئەنۋەرىي، ھەققانىي، سالمان سەۋەجىي ۋە باشقا قەسىدە ئۇستىلىرىنىڭ تەسىرىدە ياراتقان.

شائىرنىڭ «فۇسۇلى ئەربەئە» توپلىمىغا تۆت قەسىدە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ قەسىدەلەردە يىلنىڭ باھار، ياز، كۈز، قىش پەسىللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن .

ئەلىشىر نەۋائىي پارس تىلىدىكى ئەسەرلىرى بىلەن زاماندىشلىرىنىڭ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇستازى ئابدۇراھمان جامىينىڭ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر بولغان ۋە پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم ھەسسە قوشقان .

ئەلىشىر نەۋائىي شائىر بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرىدۇر. نەۋائىينىڭ ئىلمىي تەتقىقاتلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئىي ھالدا تىل ۋە ئەدەبىيات بىلەن باغلانغان. «مەجالىسۇن نەفائىس» تەزكىرىسىنى يارىتىش بىلەن نەۋائىي ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتىغا، ئۇنىڭ ئىجادكارلىرىغا خاس ھالدا ئابىدە ئورناتقان. بۇ ئەسەردە، تۈركىي ۋە پارس تىلىدا ئىجاد قىلغان 359 شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇ شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئۇتۇقلىرى ۋە

كەمچىلىكلىرى، ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتلىرى كۆرسىتىلگەن .

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇھىم تارىخى ۋە ئەدەبىي ئەھمىيەتكە ئىگە «مۇنشائات» ئەسىرى ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا ئۆز زاماندا شلىرى، يەنى پادىشاھلار، شاھزادەلەر، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات ئەھلىلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان يازما سۆھبەت توپلىمى بولۇپ، ئۇ مەكتۇپ ژانىرىنىڭ ئېسىل نەمۇنىسىدۇر. شائىرنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى «ۋەقفىيە» بولۇپ، ئەسەر بىر قاراشتا شائىر ۋە بۈيۈك دۆلەت ئەربابىنىڭ ئۆزى قۇرغان ئىمارەتلىرىگە تۇرغۇزغان ۋەخپە، يەنى رەسمىي ھۆججەتتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەسەردە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدىكى دۆلەت تۈزۈمى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتىكى ئورنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋە ئەخلاق قاراشلىرى ناھايىتى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مىزانۇل ئەۋزان»(ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) ۋە «مۇھاكىمەتۇل ـ لوغەتەيىن»(ئىككى تىل مۇھاكىمىسى) ئەسىرى تۈركىي خەلقلەرنىڭ شېئىرىيىتى ۋە تىللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي ئەسەرلىرى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە .

«مۇھاكىمەتۇل ـ لوغەتەيىن»دە تۈركىي تىلىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتتىكى ئورنى، گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكى، سۆزلەرگە بايلىقى

چوڭقۇر ۋە ئېنىق مىساللار ئارقىلىق تەھلىل قىلىنغان. شائىر تۈركىي تىلىنىڭ ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن .

»لىسانوت تەير»(قۇشلار تىلى) ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان مەسەللىك داستان بولۇپ، مەسنەۋى شەكىلدە يېزىلغان. بۇ ئەسەر نەۋائىينىڭ «خەمسە» تەركىبىدىكى بەش داستانىنى تاماملاپ 14 يىلدىن كېيىن، يەنى 1499 ـ يىلى يازغان ئالتىنچى داستانىدۇر .

»لىسانوت تەير» نەۋائىينىڭ پارس تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى شائىر فەرىددىن ئەتتار(1145 ـ 1229)نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «مەنتىقۇتتەير»(قۇشلار نۇتقى) داستانى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ئىجادىي ئەسىرى بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتتىن بىلىمىزكى، ناۋائىي ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» ئەسىرنى 8 ـ 9 ياش مەزگىلىدىن باشلاپ زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشكەن ھەمدە

ئۇنى يادلىۋالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ئەسەرنى مۇلاھىزە قىلىش، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى، سەرگۈزەشتىلىرى، كىشىلىك ھايات، ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىلاھىيەت تېمىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 58 يېشىدا مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە بولسۇن، شەيخ پەرىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولغان «لىسانۇت تەير» داستانىنى يېزىپ چىققان .

«مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ئەلىشىر نەۋائىي ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا يازغان دىداكتىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان.

ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى 40 پەسىل. ھەربىر پەسىلدە شائىر ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى مەلۇم ئىجتىمائىي تەبىقە، يەنى پادىشاھلار، ۋەزىرلەر، ئەسكەر باشلىقلىرى، قازىلار، تېۋىپلار، دېھقانلار، كاسىپلار، شائىرلار ۋە باشقىلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ. ھەرقايسى قاتلام ۋە كەسىپكە مۇناسىپ كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ھاياتىدا تۇتقان ئورنى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك غايىلىرىنى تەرغىپ قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئەخلاق ۋە تەلىم-تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، جەمئىي 10 پەسىل. بۇنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىكى ئەدەب-ئەخلاق، سۆيگۈ-ساداقەت توغرىسىدىكى بابلار بولۇپ، ئۇلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەر تەلىم-تەربىيە جەھەتتىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى قىسمى قىسقا ھېكايەتلەر، كۆپلىگەن ماقالىلەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئىبارەت .

«مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەسىر ئەسەر ئىجادىيىتىدە ئۆزگىچە خاس ئورۇنغا ئىگە. بۇ ئەسەرنىڭ شەرق بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم سالماقنى ئىگەللەيدۇ. نەۋائىي ئۆزىنىڭ باي ھايات كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئىنسانغا خاس ئەخلاق-پەزىلەت، خۇلۇق-خۇسۇسىيەتلەرنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ ئەسەردە نەۋائىي ئەڭ ئاۋال بۈيۈك مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ .

شائىر بۇلاردىن باشقا، يەنە «تارىخى مۇلكى ئەجەم» ۋە «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» قاتارلىق تارىخى ئەسەرلەرنىمۇ يازىدۇ .

دېمەك، ئەلىشىر نەۋائىي كېيىنكى ئەۋلادلارغا ناھايىتى مول ئەدەبىي ۋە ئىلمىي مىراس قالدۇرغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى شېئىرىي مىراسىنىڭ ھەجمى 100 مىڭ بېيىتتىن ئاشىدۇ. شائىر مانا شۇ باي مىراسى بىلەن تۈركىي تىل شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا ئايلانغان. تۈركىي تىل شېئىرىيىتىدىكى لىرىك ژانىرلار ۋە داستانچىلىق ئەنئەنىسى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. شۇڭىمۇ، تۈركىي تىل شېئىرىيىتىنىڭ 15-ئەسىردىن كېيىنكى راۋاجىنى نەۋائىي ئىجادىيىتىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

نەۋائىي ئۆز ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئۆز دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇستازلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن. نەۋائىي ئەسەرلىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر غايىۋىلىكى، گۇمانىزمى، خەلقچىللىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يۈكسەك بەدىئىيلىكى، مۇكەممەللىكى، ژانىرلارغا موللۇقى بىلەنمۇ ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن .

نەۋائىي ئەسەرلىرى تېمىسىنىڭ غايىۋىلىكى ۋە يۈكسەكلىكى بىلەن دۇنيا كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نادىر مىراسلىرى قاتارىدىن ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە .

مەنبە: «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژورنىلىنىڭ 2011-يىللىق 2-سانى (27-بەت)

# نەۋايى چەتئەلدە ۋە دىيارىمىزدا

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

مەزكۇر ماقالە مۇئەللىپىنىڭ ئايرىم يازغان ماقالىسى بولماستىن، بەلكى نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە كۆپ قىرلىق ئىزدىنىشلىرى ئەكس ئەتكەن بىر نەچچە پارچە ماقالىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن ئىبارەت. بۇ يىل نەۋايى تەۋەللۇتىنىڭ 570 يىللىقى خاتىرىسى شەرىپىگە ئورۇمچىدە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن چاررۇسىيە ۋە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان نەۋايى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار، شۇنداقلا دىيارىمىزدا نەۋايى ۋاپاتىدىن كېيىنكى چاغلاردىن باشلاپ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كىتابەت قىلىنىش ھەم ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە

ئاز ـ تولا مەلۇمات بېرىش مەقسىتىدە مۇئەللىپنىڭ قوشۇلىشى بىلەن نەۋايىشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە يازغان بىر نەچچە پارچە ماقالىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدىن تەشكىل قىلىنغان بۇ ماقالىنى ژورنىلىمىزنىڭ تۇنجى سانىغا بەردۇق.

شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئەنئەنىۋىي تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيەتىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك جۇغلانمىسى نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئىمسالىدا ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇ سەۋەبتىن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەتىنى ئەلىشىر نەۋايى ئىجادىنىڭ تەسىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. نەۋايى ئىجادىيىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلگەن ئۆزبېكىستاندا 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 9 ـ فېۋرالدا نەۋايىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى نىشانلاش مەقسىتىدە ھەرقايسى جايلاردا ئىلمىي يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلۈپ، شائىر مىراسىنى ئۆگىنىش بويىچە قىلىنغان ئىلمىي ئىشلار يەكۈنلەنگەن ۋە يېڭى پىلانلار تۈزۈلگەن. بۇلاردىن باشقا نەۋايىغا بولغان تۈگمەس ھۆرمەت ـ مۇھەببەتنى ئىپادىلەش، شائىرنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش مەقسىتىدە سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى بىپايان ۋە قەدىمىي زەرەپشان ۋادىسى «نەۋايى ۋىلايىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن. تاشكەنت شەھرىنى شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان ئاۋات كوچىغا «نەۋايى كوچىسى» دەپ نام بېرىلگەن. كوچا مەركىزى ۋە يول بويىغا «ئەلىشىر نەۋايى نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيى» قۇرۇلۇپ ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. سەمەرقەنت دۆلەت ئۇنىۋېرستېتى، ئۆزبېكىستان دۆلەت ئوپېرا ۋە بالېت تىياترى، ئۆزبېكىستان دۆلەت كۇتۇپخانىسى، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتوتى ۋە شۇ ئىنستىتۇت يېنىدىكى كۇتۇبخانا، زور مۇكاپاتلار، يەنە نەچچە ئون مەدەنىي مۇئەسسەسەلەر، يۈزلىگەن مەكتەپلەر، يېزا ـ كەنتلەرنى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ نامى بىلەن ئاتاش قارارلاشتۇرۇلغان. ئۆزبېكىستاننىڭ ياپونىيە ۋە فىرانسىيىدىكى ئەلچىخانىلىرىغا نەۋايىنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەۋايى ئەدەبىيات مۇزېي(بۇ مۇزېينى مۇئەللىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن) ئەمەلىيەتتە نەۋايىنى مەركەز قىلىپ، بابۇردىن ھازىرقى زامان ئۆزبېك زىيالىلىرىغىچە ئىنتايىن باي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىكەن. مەسىلەن، ئىككىنچى قەۋەتتىن باشلانغان نەۋايى قىسمىغا شائىرنىڭ ھەيكىلى، دىۋانلىرىنىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى، ئەسەرلىرىگە

ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىملەر، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ شائىر ھەققىدىكى پەرمانلىرى، نەۋايىنىڭ مەكتۇپلىرى، ھىرات شەھىرىنىڭ رەسىم ۋە مودىللىك تارىخى قىياپىتى، شائىر قۇرغان بەزى ئىنشائاتلارنىڭ كۆرۈنۈشى، ئولتۇرغان ئۆيى ۋە مەقبەرىسىنىڭ قىياپىتى، نەۋايىغا زامانداش رەسساملار سىزغان نەۋايى پورتېرىتلىرى، نەۋايى ھاياتىغا دائىر تۈرلۈك ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر، شائىر ئەسەرلىرىنىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىملىرى، شۇ زاماندىن ھازىرغىچە، ئۆزبېكىستاندىن چەتئەللەرگىچە بولغان نەۋايىشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرى بەكمۇ ئىلمىي ۋە ئىدىتلىق تىزىلغان. كۆرگەزمىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپلەرنىڭ بىرى، ئۆزبېكىستان خەلق رەسسامى چىڭگىز ئەھمەر نەۋايى ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس دەملەر ئۈچۈن سىزغان رەسىملەر بولۇپ، بۇلاردىن شائىرنىڭ سەللە ۋە تونلۇق ھاسىغا تايىنىپ تۇرغان ياشانغانلىق كۆرۈنۈشى بىلەن 1500 ـ يىلى 31–دېكابىر نەۋايىنىڭ ئاستراباد ئۇرۇشىدىن قايتقان پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارانى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىقىپ سەكتىلىنىپ ئاتتىن يىقىلىپ ھۇشسىزلانغان قىياپىتى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن سىزىلغان.

نەۋايى مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشنى يەنىلا دۇنيادا مەدەنىيەت جەھەتتە ئالغا كەتكەن مىللەتلەر باشلىغان بولۇپ، جۈملىدىن رۇسلارنىڭ نەۋايى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى باشقا ياۋروپا ئالىملىرىغا ئوخشاش 19 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا قولغا ئېلىنغان. بېرېزىنىنىڭ «تۈرك خرىستوماتىيىسى» ناملىق نۇپۇزلۇق ئەمگىكى رۇسىيەدە تۇنجى قېتىم نەۋايى مىراسىدىن نەمۇنىلەر كىرگۈزۈلگەن مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رۇسلار نەۋايىنى ئىلمىي ساھەدە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. رۇس ئالىمى نىكتىسكىي 1856 ـ يىلى تۇنجى بولۇپ «ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىرنىڭ دۆلەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە تۇتقان ئورنى» ماۋزۇسىدىكى چوڭ ھەجىملىك ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى يېزىپ، شائىرنىڭ سىياسى پائالىيەتى، مەدەنىيەت تۆھپىلىرى شۇنداقلا تۈركىي تىل تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى يۇقىرى باھالىغان. 1868 ـ يىلىغا كەلگەندە رۇس شەرقشۇناسى ۋېلىيامىنوۋ سانكت ـ پېتربۇرگدا 16 ـ ئەسىردىكى ئالايى بىننى مۇھىببىي تۈزگەن «ئەل لۇغەتۇن ـ نەۋايىيات ۋەل ـ ئىستىشھادەتۇل ـ چىغاتائىيات» ناملىق لۇغەتنىڭ رۇسچە نەشرىنى يورۇقلۇققا چىقارغان. ئارقىدىنلا ئىلمىنسكىي نەۋايىنىڭ «مۇھاكەمەتۇللۇغەتەيىن» ئەسىرىنى تېرەن ئىلمىي تەھلىل بىلەن رۇسچە نەشر قىلدۇرغان. گەرچە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا نەۋايى

ئەدەبىي مىراسىغا نىسبەتەن بەزى ئىنكارچىلىق قاراشلار بولغان بولسىمۇ ،لېكىن نەۋائىينىڭ ھاياتى، بەدىئىي ۋە ئىلمىي مىراسىغا ئالاقىدار خىزمەتلەر داۋاملىق ئىشلىنىپ تۇرغان. 1926 ـ يىلى ھىجرىيە ھېسابىدا شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500 يىللىقى(845 ـ 1345) مۇناسىۋىتى بىلەن ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختى باكۇدا «نەۋائىي» ماۋزۇسىدا ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. بارتولد مەزكۇر كىتابتىكى خاتالىقلارنى تۈزۈتىپ ۋە تولۇقلاپ 1928 ـ يىل «مىر ئەلىشىر» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىنى رۇسچە نەشر قىلدۇرغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ 1938 ـ يىلى ئەلىشىر نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 500 يىللىقىنى 1941 ـ يىلى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا قارار ماقۇللىشى نەۋائىيشۇناسلىق توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئومۇمىيۈزلۈك جانلىنىشىغا سەۋەپ بولغان. گەرچە 1941 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇدۇدىنىڭ 2 ـ جاھان ئۇرۇشى جەڭگاھلىرىغا ئايلىنىشى سەۋەبىدىن بۇ ئىش كېچىكتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كەسكىن ئۇرۇش مەزگىلىدە چىقىرىلغان بۇ مەردانە قارار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي ئىپتىخارىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى زور دەرىجىدە كۈچەتكەن. نەۋائىي تەتقىقاتى بىر ئۆزبېكىستاندىلا ئەمەس، بەلكى قامالدىكى سانكت–پېتربۇرگدا ئوربېلى، كراچوۋىسكىي، باراۋكوۋ، ياكۇبوۋسكىي، سېمېنوۋ، بولدىرېۋ، كونونوۋ، پېتوتروۋسكىي، رۇدېنكو قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن قىزغىن ئېلىپ بېرىلغان ۋە بۇ ئالىملارنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي» ناملىق ماقالىلەر توپلىمى 1946 ـ يىلى لېنىنگراتتا نەشردىن چىققان. 1948 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدا ئۇرۇش تەنتەنىسى ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ 500 يىللىق تويى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى مىقياسىدا نەۋائىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللىنىش مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. 1968 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە تاشكەنت شەھرىدە نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 527 يىللىقى خاتىرلەنگەن. دۇنيا تىنچلىق كېڭىشى مەزكۇر ئالەمشۇمۇل خاتىرىگە يوللىغان بېغىشلىمىسىدا «نەۋائىينىڭ يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئۇلۇغۋار ئىدىيەسى ۋە ئىلھامبەخش ئەسەرلىرى ئىنسانىيەتنى تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ» دېيىلگەن. بۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ رۇس تىلىدا 10 توم قىلىپ نەشر قىلىنىشى ۋە رۇس تىلىدىكى 200 توملۇق مەشھۇر «جاھان ئەدەبىياتى» مەجمۇئەسىنىڭ بىر تومىنىڭ مەخسۇس نەۋائىي مىراسىغا بېغىشلىنىشى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەۋائىيشۇناسلىقىنى دۇنياۋى ئىلىمگە ئايلاندۇرغانلىقى ۋە بۇ پەننىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىنىڭ يەكۈنلەنگەنلىكىنى نامايەن قىلغان.

ئۆزبېكىستاندا نەۋائىينى ئىلمىي ۋە ئاممىباپ يوسۇندا تەتقىق قىلىش ئىشلىرى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ كەسكىن ۋاقىتلىرىدا جانلانغان بولۇپ نەۋائىينىڭ دەۋرى، ھاياتى، ئىجادىنىڭ بىر پۈتۈن ۋە ئايرىم تەرەپلىرىنى تەكشۈرۈش ھەم ئاممىبابلاشتۇرۇشتا ئالىم شەرىپىددىنوۋ، مەخسۇت شەيخزادە، خەمىت ئالىمجان، غاپۇر غۇلام، توختاسىن جەلىلوۋ قاتارلىق ئالىملار جانپىدالىق كۆرسەتكەن بولسا سەدىردىن ئەينى، مۇسا تاشمۇھەممەت ئوغلى ئايبېك، ئۇيغۇن، ئابدۇراھمان سەئىدى ۋە ئىززەت سۇلتانلارنىڭ ئەمگەكلىرىمۇ گەۋدىلىك بولغان. يەنە غۇلام كەرىموۋ ۋە ۋاھىد ئابدۇللايېۋ كەبى ياش تالانتلىقلار يېتىشىپ چىققان.

تەتقىقاتچىلار نەۋائىيشۇناسلىق بويىچە ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. تىلشۇناس ۋە يېزىقشۇناس مۇتەخەسسىلەردىن پەرساخان شەمسىيېۋ، سالىھ مۇتەللىپوۋلار تېكستولوگىيە پىرىنسىپلىرى بويىچە نەۋائىينىڭ بىرقانچە ئەسىرىنىڭ لاتىنچە نۇسخىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، نەۋائىيشۇناسلىقنىڭ تېخىمۇ كەڭ قۇلاچ ئېچىشىغا تۈرتكە بولغان. زامانىۋىي ئۆزبېك پېننىڭ پېشۋالىرىدىن بولغان بۇ ئالىملار ھەممىنىڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ لۇغىتىنى ئىشلەپ تارقاتقان. نەۋائىينىڭ 1948 ـ يىلىدىكى 500 يىللىق تەۋەللۇتىغا ئاتاپ نەشر قىلىنغان «ئۇلۇغ ئۆزبېك شائىرى نەۋائىي» ناملىق ئۆزبېكچە ـ رۇسچە توپلام سەۋىيەسىنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزبېك نەۋائىيشۇناسلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى نامايەن قىلغان.

بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلانغان نەۋائىينىڭ 525 يىللىق تەۋەللۇت تويىغا بېغىشلانغان ئىزدىنىشلەر بۇرۇنقى تەتقىقاتلارنىڭ ئۇسۇل، مەزمۇن ۋە كۆلەم جەھەتتىكى بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇپ، نەۋائىيشۇناسلىقنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ ۋە ئۇنى ئىلمىي ساھەگە ئېلىپ كىرىپ، قوللانمىلىق مەخسۇس ئەسەرلەرنى يارىتىش بويىچە كۆزنى قاماشتۇرغىدەك نەتىجىلەرنى ياراتقان. شائىر مىراسىنىڭ تولۇق بىبلوگرافىيەسىنى تۈزۈش، ئەسەرلىرىنىڭ نادىر نۇسخىلىرىنى ئېنىقلاش بويىچە ئىلمىي تەكشۈرۈش كۆپ تەرتىپكە قويۇلغان. مۇھىمى نەۋائىيى ئەسەرلىرىنى ئىلگىركىدەك پارچە ـ پۇرات ئەمەس، بەلكى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش

مەقستىدە كاندىداتلىق ۋە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەلىرى ياقلاش بۇ دەۋر نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولغان. بۇلار ئىچىدە ئاكادېمىك زاھىدوۋنىڭ «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ پىكىر ۋە ئوبرازلار دۇنياسى»، شەيخزادىنىڭ «ئۇستازنىڭ سەنئەتخانىسىدا»، مەشھۇر مەتىنشۇناس ئالىم ھەمىد سۇلايمانىنىڭ «ئەلىشىرنەۋايى لىرىكىسىنىڭ تېكستولوگىيەلىك تەتقىقاتلىرى«، ياقۇپجان ئىسھاقوۋنىڭ «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تۇنجى دىۋانى»، تۆھپىكار نەۋايىشۇناس ئالىم ئابدۇقادىر ھېيىتمەتوۋنىڭ «نەۋايى لىرىكىسى» ھەم «نەۋايىنىڭ ئىجادىي مىتودى» قاتارلىق ئىلمىي دىسرتاتسىيەلىرى مەنتىق قۇۋۋىتى ۋە يۈكسەك ئىلمىي سۈپىتى جەھەتتىن پەقەت ئۆزبېكىستاندىلا ئەمەس بەلكى سابىق سوۋىت ئىتتىپاقى فىلولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ياخشى سەۋىيەسىنى نامايەن قىلغان دىسسېرتاتسىيەلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىغا تەۋە بولغان ھازىرقى مۇستەقىل دۆلەتلەردە كاندىدات دوكتور ۋە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەلىرىنىڭ ماۋزۇلىرى توردا ئېلان قىلىناتتى، ئوخشاش ياكى تەكرار تېمىلار قوبۇل قىلىنمايتتى، بىر دىسسېرتاسىيە نەچچە ئۇنىۋېرستېت، تەتقىقات مەركەزلىرىدىكى ئۇنلىغان مۇتەخەسسىسنىڭ باھالىشىدىن ئۆتەتتى ۋە دىسرتاتسىيەلەر سابىق سوۋىت ئىتتىپاقى بويىچە **150** دىن ئارتۇق ئۇنىۋېرستېت، كۇتۇپخانا ۋە تەتقىقات يۇرتلىرىغا ئەۋەتىلەتتى. دىسسېرتاتسىيەلەر مەزكۇر پەن ساھەسىدىكى تۆگەللەنگەن ئىلمىي ئەمگەكلەر قاتارىدا نوپۇزلۇق كۇتۇپخانىلارغا قويۇلۇپ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا قوللانمىلىق رول ئوينايتتى. ئوچۇق نەشر قىلىنىپ ئۇنى جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەم كۆرەلەيتتى. قىسقىسى دىسسېرتاسىيە دەپ ئاتالغان يۇقىرىقى ئەمگەكلەر قىلنى قىرىقىقا يېرىپ يېزىلغان مۇكەممەل ئىلمىي ئەسەرلەر بولۇپ، بۇلارسىز نەۋايىشۇناسلىقنىڭ ئۆتمۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ ، 80 ـ يىللىرىدا ئۆزبېك نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ سۈپەت ۋە ساپاسى يەنىمۇ ئۆسۈپ بارغان. نەۋايى ئەسەرلىرى ژانىرشۇناسلىق ۋە فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنىپ، بۇ ھەقتە يىرىك ھەم مەخسۇس ئەسەرلەر يېزىلغان. نەۋايىنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي مىراسلىرى يادرولۇق مەزمۇنلىرى بولغان قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىلەن باغلاپ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە شائىرنىڭ **20** توملۇق مۇكەممەل ئەسەرلەر توپلىمى ۋە تۆت توملۇق «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ

ئىزاھلىق لۇغەتى»نىڭ ئىشلىنىشىگە سەۋەپ بولغان.

 1991 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىغا 550 يىل توشقان كۈننى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ خاتىرە كۈنى قىلىپ بېكىتكەن. 2007–يىلى ئامېرىكا پارلامېنت كۇتۇبخانىسىدا ئېچىلغان «ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى» ناملىق دۇنياۋىي مەجلىستە نەۋايى مۇستەقىل ئۆزبېكىستاننىڭ سىمۋۇلى بولۇپ قالغان. ھەتتا بۈيۈك بىرىتانىيەدە ئۇلۇغ شېكىسپىرمۇ ئۆزبېكىستاندا ئەلىشىر نەۋايى شۆھرەت قازانغاندەك ئالقىشلانمىغان! غەربنىڭ تونۇلغان نەۋايىشۇناسى بادراگىلىگېتنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «يەر شارىدىكى تاغلار ئارىسىدا ئەڭ ئېگىزى ھىمالايا چوققىسى بولسا، شائىرلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۈكسىكى ھەزرەت نەۋايى» بولغان.

ئەمدى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەۋايى ئىجادىيتىگە بولغان تەتقىقاتلارغا كەلسەك، ئەمەلىيەتتە نەۋايىغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىلى بۇرۇنلا باشلانغان. مەلۇماتلارغا كۆرە، نەۋايى ھايات بولغان دەۋردىن باشلاپ ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ سەئىدىيە خانلىقى(1514 ـ 1678) دەۋرىدە نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، كۆچۈرۈش ۋە رەتلەش كەڭ ئەۋج ئالغان. خۇسۇسەن ئابدۇرەشىدخان زامانىسىدا تەسىس قىلىنغان «ئوردا دىۋان» نەۋايى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىپ تارقىتىشتىكى مۇھىم مەركەز ھېسابلانغان. دېمەك، شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە نەۋايىخانلىق ئەنئەنىسىنى داۋام ئەتتۈرۈش كۈچلۈك يۈنىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. «16 ـ ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچا قاتارلىق شەھەرلىرىدە نەۋايىخانلىق كەڭ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. مىلادىيە 1700 ـ يىللىرى «خەزائىنۇل –مەئانى»نىڭ بىرقانچە نۇسخىسى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىدە كۆچۈرۈلۈپ كىتابەت قىلىنغان.

بۇنىڭدىن تاشقىرى 16 ـ 17 ئەسىردە ئۇيغۇر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن كىتابلار ئارىسىدىن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل نۇسخىلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ھازىر شائىرنىڭ 1557 ـ يىلدا شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر جايىدا كۆچۈرۈلگەن «چاھار دىۋان»نى بىلەن كۇچا ھەم خوتەن شەھەرلىرىدە كۆچۈرۈلگەن باشقا

ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى تېپىلدى. 1950 ـ 1957 ـ يىللاردا پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تىل ۋە جەمئىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ كۆرسىتىشىچە، دەسلەپ نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 400 نۇسخا كۆچۈرۈلگەن قولىيازمىسىدىن ئىلمىي پايدىلىنىلغان. يەنە كېيىن تېپىلغان 700 نۇسخا كۆچۈرۈلگەن قولىيازما ئەسەرلەردىن 150 كە يېقىنى نەۋايى قەلىمىگە مەنسۇپ ئەسەر ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

شۇنى ھەم تەكىتلەش كېرەككى، ئۇيغۇرلار نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازمىلىرىنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى نەۋايىنىڭ ھېكمەتلىك بېيىتلىرىنى مەقبەرىلەرگە، مەدرىس ـ مەكتەبلەرنىڭ تاملىرى ۋە ۋە تورۇسلىرىغا ئالتۇن ھەل بىلەن يازغاندىن تاشقىرى، مېتال بويۇملارغىمۇ نەقىش چىقىرىپ ئىشلەشكەن. مەسلەن. 1955 ـ يىلى خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيەسىدە نەۋايىنىڭ «نې نامە ئەردۇك، غەمكىن كۆڭۈلنى شاد ئېتىك» سەترلىرى بىلەن باشلىنىدىغان غەزىلى ئويۇلغان بىر نەقىشكار ئاپتۇۋا تېپىلغان بولۇپ، مەزكۇر ئاپتۇۋانىڭ 1842 ـ يىلى ياسالغىنى ئېنىقلانغان.

ئومۇمەن، نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ ساقلاش ياكى تارقىتىش قەشقەر، يەكەن، خوتەندىلا ئەمەس، بەلكى، تۇرپان، ئۈرۈمچى ھەتتا تەكلىماكان بويىدىكى سىرلىق دىيار لوپنۇرغىچە ئومۇملاشقان. دەۋر تەقەززاسى بىلەن بەزى كاتىبلار شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تولۇق، ئايرىملىرىنى تاللاپ ھەر خىل خەت نۇسخىلىرىدا كۆچۈرگەن. قىستۇرما رەسىملەر ۋە نەقىشلەر ئىشلىنىپ كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ئايرىملىرىغا شائىر ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نامى قويۇلسا، بەزىلىرى «كۇللىيات»، «باياز«،» دىۋان» دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە «كاشغەرىي» تەخەللۇسدا شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلارنىڭ شۆھرىتى ۋە قولىيازمىلىرى پەقەت شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا، تاتارىستان ۋە ئازەربەيجانلارغىچە يېتىپ بارغان. ھازىر ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قولىيازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان ۋە 150 كە يېقىن خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نەۋايىنىڭ قولىيازما ۋە باسما ئەسەرلىرى ئىچىدە 66 قولىيازما نۇسخىسىنىڭ تۈزگۈچىسى ۋە كاتىبىنىڭ ئىسمى ئېنىقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالتىسى «كاشغەرىي» تەخەللۇسلۇق ئەدىبلەر ئىكەن.

مەزكۇر فوندتا ساقلىنىۋاتقان «نەۋايى كۇللىياتى»تىنى 1824 ـ 1830 ـ يىللاردا قەشقەردە ئابدۇلرەھىم فازىل

كاشغەرىي ئىسىملىك زات كۆچۈرۈپ كىتابەت قىلغان. «كۇللىيات»تا نەۋايىنىڭ 19 ئەسىرى جەملەنگەن بولۇپ، نەۋايىنىڭ دەۋرىمىزگىچە مەلۇم بولغان كۆچۈرۈلگەن قولىيازما ئەسەرلىرى ئىچىدە بۇ نۇسخا ھەجىم، كىتابەت سەنئىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى جەھەتتىن ئەڭ تولۇق نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

بەش ئەسىردىن بىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا خەمسەنەۋازلىق ئەنئەنىسى داۋام ئېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەمسەنەۋازلىقىدا ئىككى مەقسەت كۆزدە تۇتىلىدۇ. بىرى نەۋايى «خەمسە»سىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش بولسا، ئىككىنچىسى، «خەمسە»دىكى داستانلارغا تەقلىد قىلىپ داستانلار يېزىشتۇر.

ھازىرمۇ نەۋايى «خەمسە» سىنىڭ نۇسخىلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرلۇك مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدا ساقلانماقتا. پەقەت قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدىلا ئۇنىڭ 21 نۇسخىسى بار. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەلشىر نەۋايى «خەمسە»سىنىڭ قولىيازمىلىرى كاتولوگىدىكى مەلۇماتلارغا كۆرە، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ۋە ھەمىد سۇلايمان نامىدىكى قولىيازمىلار فوندىدا ساقلىنىپ كەلگەن 172 نۇسخا «خەمسە» نىڭ 12 نۇسخىسىنى ئىسمى ئېنىق كۆرسىتىلگەن شىنجاڭلىق ئۇيغۇر كاتىبلار كۆچۈرگەن. ئاشۇ زامانلاردا كاتىب ـ خەتتاتلار «خەمسە»دىكى داستانلارنى ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن كۆچۈرگەن ۋە توپلاپ كىتابەت قىلغان. 1747 ـ يىلى ئەزىز كىچىك قۇمۇلى كۆچۈرگەن ۋە كىتابەت سەنئىتى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك نۇسخىلاردىن ھېسابلىنىدىغان «خەمسە»گە «پەرھاد ۋە شېرىن»دىن باشقا تۆت داستان كىرگۈزۈلگەن. نەۋايى «خەمسە»سىنى كۆچۈرۈش ۋە تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم كاتىبلار شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ھەتتا ئۇيغۇر ئەدىبلىرى «خەمسە نەۋايى»دىكى مۇھەببەت داستانلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئەسەرلەر يارىتىشقان. 18 ـ ئەسىر شائىرلىرىدىن ئىبراھىم خوتەنىينىڭ «مەنتىقۇت ـ تەير» ۋە سالاھىينىڭ «گۇل ۋە بۇلبۇل» داستانلىرى نەۋايىنىڭ «لىسانۇت ـ تەير» داستانىدىن تەسىرلىنىپ يېزىلغانلىقى مەلۇم.

1850 ـ 1830 ـ يىللاردا قەشقەر جەنۇبى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغانىدى. ئەدەبىيات ۋە سەنئەت راۋاج تاپقان، ئاشۇ دەۋردىكى مەرىپەتپەرۋەر قەشقەر ھۆكۈمدارى زوھورىدىن ھېكىمبەگ ۋە تۇرپان ۋاڭى ئەپەردىن ۋاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىي، نورۇز ئاخۇن زىيائىي، تۇردى غەرىبىي، سەبۇرىي

قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەر ئەلىشىر نەۋايى «خەمسە»سىدىن ئىبرەت ئېلىپ، بىر قاتار داستانلار يارىتىشقان. بۇنىڭ يارقىن مىسالى قىلىپ نىزارىينىڭ «پەرھات ۋە شىرىن» ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» ، زىيائىينىڭ «مەسئۇد ۋە دىلئارا» ، «ۋامىق ۋە ئۇزرا» ، غەرىبىينىڭ «شاھبەھرام»(بەھرامگور) داستانلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

دېمەك، **1841** ـ **1842** ـ يىللىرى ئابدۇرېھىم نىزارىي ۋەكىللىكىدىكى بىر گورۇھ ئەدىبلەر تەرىپىدىن نەۋايى «كۇللىياتى»غا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان 39 نۇسخا ئەسەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدىكى سانكىت ـ پېتربۇرگ قوليازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «ھېكايەتى غەرىب»(مۇھەببەت داستانلىرى) ناملىق زور ھەجىمدىكى ئەدەبىيات قامۇسى شىنجاڭ ئۇيغۇر خەمسەنەۋازلىقىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئەڭ يۇكسەك مۇۋەپپىقىيتى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر «خەمسە»چىلىكىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن بىرى «خەمسە» تەركىبىدىكى داستانلارنىڭ ئاممىۋى تىلدا نەسرى باياننى تۈزۈش ئەنئەنىسىدۇر. بۇنىڭدا شائىر ئەسەرلىرىدىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەھرىمان بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنغان. بۇ يۆنىلىشتە سەمەرىلىك ئەمگەك ئىجاد قىلغانلار ئارىسىدا ئۆمەر باقى ياركەندى بىلەن موللا سىددىق ياركەندىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئۆمەر باقى ياركەندى 1792 ـ يىلى «پەرھات ۋە شىرىن» ،«لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانلىرىنى ئاددىي نەسرى ئۇسلۇبتا قايتا يېزىپ چىقىدۇ ۋە بۇلار «قىسسەئى پەرھات ۋە شىرىن» ، «كىتابى لەيلى ۋە مەجنۇن» دېگەن ناملار بىلەن تاشكەنتتە 1910 ـ ، 1912 ـ ، **1915** ـ يىللاردا تاشباسمىدا بېسىلىدۇ. «قىسسەئى پەرھات ـ شىرىن»غا ئون ئۈچ، «كىتابى لەيلى ـ مەجنۇن»غا ئون بىر قىستۇرما رەسىم سىزىلغان. موللا سىددىق ياركەندى **1813** ـ يىلى «خەمسە»دىكى تۆت داستانغا «لىسانۇت ـ تەير»نى قوشۇپ ئۇنى «بۇلبۇلى گۈلشەنى نەۋايى» نامى بىلەن نەسرلەشتۈرگەن. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ھادىسە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرى ۋە ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئاشۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك مەنبەدۇر.

نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن ۋە داستانلىرىغا تەقلىد قىلىپ داستانلار يازغان ئەدىبلەر ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناسلىرى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن شائىر ۋە يازغۇچىلار نەۋايىنى مۇرەببى ھېسابلاپ، ئەسەرلىرىدە نەۋايى ئەسەرلىرىدىن نەمۇنىلەر ئالغان. جۈملىدىن نەۋايىنىڭ نەسر ۋە نەزمىلىرىدىكى ئىستىتىك

مەنە، غايىۋى مەزمۇن ۋە يوشۇرۇن جازىبىلەرنى تېپىشقا ئىنتىلگەن. ئەلشىر نەۋايى دىۋانلىرى سەئىدىيە خانلىقىدىن باشلاپ مەكتەب ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇلۇشقا باشلىغان. غەزەللىرى نەۋايىخانلىق بەزمىلىرىگە پەيز بېغىشلىغان. شۇ سەۋەبتىن 18 ـ ئەسىردە قەشقەردە نەۋايى ئەسەرلىرى لۇغىتى تۈزۈلگەن. ئابدۇرېھىم نىزارى 1806 ـ يىلى «نەۋايى» ناملىق دەرسلىك تۈزۈپ تارقاتقان.

شائىر سەبۇرى 1840 ـ يىلى «نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى خۇسۇسىدا» مونوگرافىيسىنى يېزىپ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ ئىجتىمائى ـ غايىۋى خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. «قۇرئان كەرىم» ۋە «قىسسەئى رەبغۇزى»(قىسسەسۇل ئەنبىيا) دا تەسۋىرلەنگەن ئىسكەندەر ھەققىدىكى شەرق رىۋايەتلىرىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» بىلەن قوشۇلۇشى نەۋايى داستانلىرىنىڭ يىراق قىشلاقلارغىچە يېتىپ بېرىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ھەقتە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەركىزى ئاسىيا بويىلاپ كۆپ قىتىم ساياھەت قىلغان ۋە تەگرىتىغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئايلىنىپ چىققان شۋىتسىيەلىك ئالىم سۋېن ھېدىن شۇنداق يازىدۇ: «نەۋايى بۇيەردىكى كىتابخانلار ئۈچۈن پەۋقۇلئادە سۆيۈملۈك مۇئەللىپ ئىكەن. بۇنىڭغا مىسال تەرىقىسىدە ئاشۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋايىنىڭ خىلمۇ خىل ئەسەرلىرىنى ئالساق بولىدۇ. ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسى بولغان لوپنۇردا نەۋايى شېئىرلىرى ئەشۇلا قىلىپ ئېيتىلىپ نەزمگۇفتارلىق قىلىنارىكەن. نەۋايى داستانلىرى ئاددى خەلق ئارىسىدا قىسسەخانلىق كۆرىنىشىدە كەڭ تارقالغانىكەن. «

بۈگۈنكى كۈندە ئەلشىر نەۋايىنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ياپون دېڭىزىغىچە؛ ھىنگان ۋە ئالتاي تاغلىرىدىن ھىمالايا چوققىسىغىچە بولغان بىپايان مەركىزى ئاسىيا زىمىنىدا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىغا يېيىلغان. نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شائىر ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ياۋروپادا تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان. دۇنيادىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىلار شائىر ئەسەرلىرى بىلەن بېزەنگەن. ئىجادىيەتى ئېنگلىز مۇتەپەككۇرلىرىدىن شائىر ئېللوئوتقا ۋە ئوكيان ئاتلاپ ئامېرىكىلىق يازغۇچى مارك تېۋىنغىچە تەسىر كۆرسەتكەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيادىكى ئەڭ باي قوليازمىلار فوندى» رويىختىگە ئېلىنغان ئۆزبېكىستان ئەبۇ رەيھان بىرونۇ نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ھازىر ئۆزبېكىستان دۇنيا نەۋايىشۇناسلىقىنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە تەن ئېلىنىپ، شائىر ھەققىدىكى تەتقىقات ئالتىنچى يۈز يىللىغا قەدەم

قويماقتا. نەۋايى ئەسەرلىرى تاشكەنت قاتارلىق مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدا دۇنياۋىي كىلاسسىك ئەسەرلەر قاتارى ھەر يىلى يېڭى سەۋىيە، يۇقىرى سۈپەت ۋە كۆپلىگەن نۇسخىدا نەشر قىلىنماقتا. چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنماقتا. ھالبۇكى بۇ قەسرنىڭ بوسۇغىسى نەۋايىنىڭ ھەقدار ئەۋلادلىرى بولغان بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە يەنىلا ئەپسانە تەرىزدە دۇنيايىمىزنىڭ سىرتىدىكى سىرلىق بىر مۆئەمما بولۇپ تۇرماقتا!

مەنبە: «بۇلاقكۆل» ژورنىلىنىڭ 1 ـ سانى

# بېيجىڭدا ئەلشىر نەۋائىي تەنتەنىسى

## ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي

بېيجىڭدا ئېچىلغان «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تېز خاتىرىسى

2011 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، پايتەخت بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتىدە، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى باشچىلىقىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز» ماۋزۇلۇق بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى داغدۇغىلىق ۋە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارە ئورگانلاردا ئىشلەۋاتقان كادىرلار، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئانا يۇرتىمىزدىن بېيجىڭغا خىزمەت بىلەن كەلگەن يۇرتداشلىرىمىز ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ، جەمئىي 200 گە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى.

بۇ نۆۋەت بېيجىڭدا ئېچىلغان بۇ ئەلشىر نەۋائىي تەنتەنىسى يىغىنىنىڭ مەكتەپلەر تەتىل قىلغان بىر چاغ بولۇشىغا قارىماي، بۇ قەدەر داغدۇغىلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈلۈشى مۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ

ھەيدەكچىلىكى بىلەن بولغانىدى.

بۈلتۈر، يەنى 2010 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىپ، بۇ يىل، يەنى 2011 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، بېيجىڭدە، ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچىدىغانلىقىنى ۋە شۇ مۇناسىبەت بىلەن، ئوتتۇز توملۇق ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى نەشىر قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ھاياجان ئىچىدە، بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ قۇتلۇق خوشخەۋەرنى مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزدۇق. ھەممەيلەن بىزگە ئوخشاشلا شادلىنىپ، قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى. شۇ ئارىلىقتا، مەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى تەتقىقاتى» دەرسىنى سۆزلەۋاتقان ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2007 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى:

ـ مۇئەللىم، بىز بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان ئاشۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا جۆر بولۇپ، سىنىپ بويىچە بىر خاتىرىلەش پائالىيىتى قىلساق قانداق؟ ، ـ دەپ مەسلىھەت سورىدى.

ـ ياخشى گەپ، بىزمۇ ئۇ مۆھتەرەم بوۋىمىزنىڭ 570 ياشقا كىرگەنلىكىنى خاتىرىلەيلى، ئەمىسە،

ـ قاچان خاتىرىلىسەك بولۇر؟

ـ نەۋائىي بوۋىمىز بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ئاشۇ 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خاتىرىلىسەك، قانداق؟

ـ بولىدۇ. ئەمىسە، پۈتۈشتۇق.

بولۇنغان گەپ شۇ. ئوتتەك قىزغىن پىكىرلىك ۋە چەپدەس ئىنكاسلىق ياش ئەۋلادلىرىمىز ئۇيغۇر فاكۇلتېتى رەھبەرلىكىگە دەرھال دوكلات يازدى. توغرا ئىشنى، ياخشى پائالىيەتنى پائال قوللاشنى ئۆزلىرىگە بۇرچ بىلىدىغان فاكۇلتېت رەھبەرلىكى: «ياخشى ئويلاپسىلەر، بۇ پائالىيەتنى بىر سىنىپ نامىدىن ئەمەس، پۈتۈن فاكۇلتېت نامىدىن قىلايلى. ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار» دەپ يوليورۇق بەردى ۋە ئۆزلىرى باش بولۇپ، مەكتەپ مەمۇرىيىتىگە دوكلات يېزىپ، ئىزنى ـ ئىجازەت ۋە پائالىيەت مەيدانى ئېلىپ بەردى.

ئىككى يۈز كىشىلىك كۆلەمدىكى بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈش دېگەننى ئاسان دېسە ئاسان، تەس دېسە، تولىمۇ بەسى مۇشكۇل بىر ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دېگەن قىشلىق تەتىلنىڭ دەل كىندىكى. قىزغىنلىقتا، «ھە، شۇنداق قىلايلى!» دەپ بەك ۋارقىراپ قويۇپ، ۋاقتى كەلگەندە، تەتىل قىلىپ ئانا يۇرتقا قايتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇغ تۇغقانلارنى سېغىنىش ئۇتىنىڭ كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي: «دادامدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئانامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئۆيگە تىكىۋېتىپ، قاتنىشىدىغان ئادەم ئاز، پائالىيىتىمىز چۈپچۈل بولۇپ قالارمۇ؟

ئۇنداق بولمىدى. دەل ئەكسىچە، «ئەلىشىر نەۋائىي بوۋىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزىمىز» دەپ، ھەتتا 2010 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە يېڭى، ماكان، يېڭى مۇھىت تۇپەيلى ئانا يۇرت ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى ئەڭ سېغىنىپ كېتىدىغان 2010 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قىز ـ يىگىتلەر تەتىلدە ئۆيلىرىگە قايتمىدى. بەزىلىرى 9 ـ فېۋرال ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغان كۈنى تەنتەنىسىنى قىلىۋېتىپ، ئاندىن قايتىدىغان بولۇشتى. يەنە بىر مۇنچەيلەن، تەتىل قىلىپ دەسلەپ ئۆيگە كېتىپ، 9 ـ فېۋرال كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كەلدى. باق، قېرىنداشىم ۋە پەخرىلەنكى، مانا بۇ بىزنىڭ بىيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىز!

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولغانىكەن، ئۇنىڭدا ئەلىشىر بوۋىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئەمگەكلىرىگە تالىق مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغان ۋە ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ يارىتىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ قايىللىقىغا مۇيەسسەر بولغىدەك ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلۇشى كېرەك. بىز بۇنىڭغا ئەستايىدىل تەييارلىق قىلدۇق: ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ بەس ـ بەستە ماقالە ماۋزۇلىرىنى بېكىتىشتى، ئەستايىدىل ئىزدىنىپ تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىشتى.

ئاندىن، بىز بۇ پائالىيەتنى ئانا يۇرتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ جەمئىيەتكە ئىشكى داغدام ئېچىۋېتىلگەن ئومۇمخەلق پائالىيتى قىلماقچى بولدۇق. چۈنكى، ئەلىشىر ئىبنى غىياسىددىن نەۋائىي ھەممە ئۇيغۇرنىڭ بوۋىسى. شۇنداقكەن، ھەممە ئۇيغۇر بۇ يىلنىڭ بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي

**570** ياشقا كىرگەن قۇتلۇق يىل ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دېدۇق. شۇ مۇددىئادا ، بىر تەكلىپنامە ئىشلىدۇقكى ، شۇ خىلدىكى تەكلىپ ـ دەۋەتنامىلارغا ئۆرنەك بولغىدەك. بىز بۇ تەكلىپنامىنى جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتى رىياسەتچىلىكىدىكى ئەمەلدارلاردىن تارتىپ ، ھەر قايسى چوڭ گېزىت ـ ژۇرناللار تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئىلمدارلارغىچە تارقاتتۇق: «ئىمكانىڭلار بولسا ، كېلىڭلار ، ئۇيغۇر نەۋائىينىڭ بەش يۈز يەتمىش يېشىغا بىرلىكتە تەنتەنە قىلايلى» دېدۇق.

مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن تارقاتقان تەكلىپنامىنىڭ باش بېتىگە ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھايات ۋاقتىدا سىزىلغان سىزما رەسىمىنىڭ باش قىسمى چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ **570** يىللىقىنى غۇرۇر بىلەن خاتىرىلەيمىز» دېگەن خاتىرىلەش كۈنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىڭ ماۋزۇسى ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ۋە ئېنگلىزچە يېزىق بىلەن دۇرۇس ئىملالىق قىلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا تەكلىپ سۆز تېكىستى يېزىلدى. تەكلىپنامەنىڭ ئارقا يۈزىگە بولسا ، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان مىلادىيە **1551** ـ يىلى، ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق مەشھۇر تارىخ كىتابىغا تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قىلىپ يېزىۋەتكەن «نەۋائىينىڭ ئاتاسى ئۇيغۇر باخشىلارىدىن ئەردى، ئاتىنى ‹غىياسۇددىن كىچىكىنە › دەر ئەردىلەر ـ يەنى ئەلشىر نەۋائىينىڭ دادىسى ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى غىياسىددىن كىچىكىنە ئېدى» دېگەن ھۆججەت ئۆزۈندىسى يۇقىرىقى ئۈچ خىل يېزىقتا بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاستىغا بولسا ، «بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي مىلادىيە **1441** ـ يىلى **2** ـ ئاينىڭ **9** ـ كۈنى، قەدىمىي خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھىرات شەھرىدە، غىياسىددىن كىچىكىنە ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن»دە: «‹تور› ـ ـ ‹تورغا چۈشمەك › تىكى تور؛ ‹تۇر› ـ ـ تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، قۇش ئولتۇرىدىغان ياغاچنى بىلدۈرىدۇ؛ ‹تۆر› ـ ـ تەلەپپۇزى يۇقىرىقىدىن تارراق بولۇپ، ئۆينىڭ تۆرىنى بىلدۈرىدۇ؛ ‹تۈر› ـ ـ تەلەپپۇزى ھەممىدىن تار بولۇپ، ‹تۈرمەك › پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى ھېسابلىنىدۇ» قاتارلىق مول پاكىتلار

ئارقىلىق، ئۆز تىلىنىڭ ئۇنداق «ئو، ئۇ» ئىككىلا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بولغان ئۆزبەك تىلى ئەمەس، بەلكى «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» بولۇپ، جەمئىي تۆرت لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشى بار مۇبارەك ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەندۇر» دېگەن ئاخىرقى يەكۈن ۋە كەسكىن ھۆكۈم خاراكتېرلىك بىر ئابزاس بېرىلگەن بولدى.

ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بىزنىڭ بۇ تەكلىپنامىمىزدا، قىلماقچى بولغان ئىشىمىز، يەتمەكچى بولغان مۇددىئايىمىز بىر قاراشتىلا بىلىنگىدەك بولدىكى، ئەلىشىر نەۋائىي مىللىي كىملىكى جەھەتتە، ھېچقانداق بىر ئىنتاكىلىقتىن ئىز ـ ئەسەر يوق، ھەر قانداق بىر غۇدۇق ـ بۇدۇق قۇسۇرغا يول يوق بولغان مۇبارەك ئۇيغۇر ئىنسانىدۇر. ئۇنى تونۇش، ئۇنىڭدىن تاناماسلىق بىزنىڭ پەرزىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بولسا، بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز ۋە بىزنىڭ باش تارتىپ بولماس قەرزىمىزدۇر.

شۇنداق قىلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىز تەكلىپنامىدا دېيىلگەن بويىچە، 9 ـ فېۋرال كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى دەل ئۈچتە باشلاندى. ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور لېتىپ توختى ئەپەندى دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن بولغان مۆھتەرەم ئىسمايىل تىلىۋالدى ئەپەندىم مەزكۇر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈچۈن ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىنى يۇقىرى ئېنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇپ ئۆتتى. تەبرىك خېتىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

«مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 9 ـ فېۋرال ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى رىياسىتىگە:

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقى مۇناسىبىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىدە، بارلىق يۈرەك قېنىنى ئۇيغۇر شېئىرىيەتى ئۈچۈن بېغىشلىغان. بىز ئۇنىڭدىن ئىپتىخارلانماي تۇرالمايمىز. ئەلىشىر نەۋائىي شېئىرلىرى ئەينى چاغدىلا دۇنيادا شۆھرەت قازانغان بولۇپلا قالماستىن، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ نۇرلىنىپ، شېئىرىيەت ئاسمىنىدا چولپاندەك پارلاپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلقىمىز قەلبىگە

ئورناپ كەتكەن. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەتىنىڭ بايراقدارى. شۇڭا، يىغىن قاتناشچىلىرى ۋە بارلىق دوستلارنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆرنەك قىلىپ، نەۋائىيدەك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، خەلقىمىزنى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، مەدەنىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشىگە تىلەكداشمەن. يولداشلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلىرىگە ئۇتۇقلۇق تىلەيمەن. ئىسمائىل تىلىۋالدى. 2011-يىل 2-ئاينىڭ 5-كۈنى«.

تەبرىك خەت ئوقۇپ بولۇنغاندا، يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلىرى بىلەن، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەپەندىمنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولغانلىقىغا قارىتا چىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇغان ھاياجانلىق سۆيۈنۈشىنى ۋە سەممىي رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى. ئارقىدىن، يىغىن رىياستى تەرىپىدىن تەييارلانغان، بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ مەملىكىتىمىزدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى سۈرەتلىك پاكىتلار بىلەن جانلىق تەسۋىرلەيدىغان ئون مىنۇتلۇق مەخسۇس فىلىم يىغىن ئەھلىنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇلدى. ئاندىن، ئىلمىي ماقالە ئوقۇش باشلاندى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن بەش يېرىمغىچە ساق ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان دوكتور، ماگىستېر ئاسپىرانتلىرى ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنداقلا بېيجىڭدىكى باشقا ئىدارىدا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ ئون نەپەر تەتقىقاتچى ئۆزلىرىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئاساسىدا تەييارلىغان «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر مائارىپ-مەرىپەتچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى ھەققىدە»، «بابۇر نەزەرىدىكى ئەلىشىر نەۋائىي»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئانا تىلنى ئۇلۇغلىشى ھەققىدە»، «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى»، «ئەلىشىر

نەۋائىينىڭ ‹فەرھاد ۋە شىرىن › داستانى ۋە ئۇنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە»، «نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ‹مەجالىسۇن نەفايىس › ناملىق ئەسىرى ھەققىدە»، «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى ئاسترونومىيىلىك بىلىملەر توغرىسىدا» قاتارلىق ماۋزۇلار بىلەن يېزىلغان ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە شېئىر ـ غەزەللىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. بېيجىڭدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانا خادىمى، تەتقىقاتچى گۈلنىگار ئەسقەر خانىم» دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى» ماۋزۇسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ كېلىپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «غەرايىبۇس سىغەر»، «نەۋادىرۇش شەباب»، «بەدىئۇل ۋەسەت» ۋە «فەۋائىدۇل كىبەر» تۆرت چوڭ دىۋانىدىن تەركىب تاپقان «خەزائىنۇل مەئانى» ناملىق شاھ ئەسىرىنىڭ بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ناملىق شاھ ئەسىرى قاتارىدا، «دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئەسەر» بولۇپ باھالانغانلىقىنى ئېيتقىنىدا، يىغىن ئەھلى غۇرۇر ئىلكىدە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. پېقىر ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىينىڭ» قوش تىلچىلىق تەتقىقاتىنىڭ سەركەردىسى ئۇيغۇر نەۋائىي» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسىمۇ، پات ـ پات ياڭرىغان گۈلدىراس ئالقىشلار بىلەن ئۈزۈلۈپ تۇردى...

مانا بۇ – بۇ يىل باش باھاردىلا بېيجىڭدا ياڭرىغان ئەلىشىر نەۋائىي تەنتەنىسى.

بۈيۈك تۆھپىكار ئەجدادلارنى ھەمىشە ئەسلەش خەلقىمىزنىڭ ئۇدۇم ئەنئەنىسى!

**ـ 2011يىل 12 ـ فېۋرال، بېيجىڭ.**

**)ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى(.**



# نەۋايىنىڭ ئارمانى

**(تارىخىي ھېكايە)**

## خۇرشىد دەۋران (ئۆزبېكىستان)

شاھزادە مۆمىن مىرزا ئۆلتۈرۈلگەن ھىجرىيە 903 ـ يىلى (مىلادى 1497 ـ يىلى) باھاردا ئەمىر ئەلىشىر مەشھەدتە ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ بۇ كەنتكە، ئۆزى بىرچاغلاردا ساۋاق ئالغان ئىمام مىرزا مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىشقا بېرىپ، يېتىم ـ يېسىرلارغا زاكات ئۈلەشتۈرىدىغان غەلۋىرخانا قۇرۇش ئىشىغا تۇتۇش قىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن دارۇلسەلتەنەتكە قايتىشقا سەل كېچىكىپ قالغان ئىدى.

ئەمىر ئەلىشىر ناۋايى ھىراتقا قايتىپ كېتىۋېتىپ، نەۋجۇۋان شاھزادىنىڭ شەپقەتسىزلەرچە قەتلى قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە قاتتىق قايغۇردى. شۇڭا ئۇ ھىراتقا يېتىپ بارغاندا كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققان يارۇ ـ بۇرادەرلىرىگە چوڭقۇر ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن «بىر چاغلاردا شەيخ مەجىدىدىن باغدادىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئاقىۋىتىدە كېلىپ چىققان چىڭگىزخانىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ماۋەرائۇننەھىر ۋە خۇراسان قانداق خانىۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولسا، مۆمىن مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئاقىۋىتىمۇ خۇددى شۇنىڭدەك چوڭ پالاكەتنىڭ يۈزبېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» ـ دېدى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بۇۋىسى ئۆز نەۋرىسىنى ئۆلتۈرۈۋىتەلەك بۇنداق قەبىھانە قاتىللىققا پەتىۋا بېرىشىنىڭ سەلتەنەت ئىنقىرازىنىڭ ئاشكارلىنىشى ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلغانلىقىنى بايقىغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا قاتتىق غەزەپلەندى. ئەمما ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتمىسا بولمايتتى، چۈنكى پادىشاھنىڭ تۇنجى ئوغلى، شەھىد شاھزادىنىڭ ئاتىسى بەدىئۈززامان مىرزىنىڭ ھامان بىركۈنى ئوغلىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ ئىسيان كۆتۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا بۇنداق شارائىتتا، ئەمىر ئەلىشىر بىلەن ئارىنى بۇزۇشنى خالىمايتتى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەدىن كېيىن، تۇيۇقسىز يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئەڭ يېقىن قەدىردانى بولغان ئەمىر ئەلىشىرنىڭ دۆلەت ـ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تامامەن چەتكە ئېلىشقا، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەھدى قىلغا نلىقىدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ، بۇخەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىنمۇ بۇ ئىشقا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ئەمىلىيەتتە، ئىمر ئەلىشىر بۇنداق قارارغا خېلى بۇرۇنلا كېلىپ بولغان ئىدى. ئەمما ئۇ ھۈسەيىن بايقارانىڭ بېشىغا تەشۋىش چۈشسە ھېچقاچان قاراپ ئولتۇرغان ئەمەس. پەقەت شاھنىشىنلىكنى تەرك ئېتىپ كۆمەككە كەلگەن، ئىلاھىم بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولغاي...بولمىسا، ئەمىر ئەلىشىرنى پادىشاھ خانىدانىغا يىپسىز باغلاپ قويغان بىر كۈچ بارئىدى يىكى، ئۇ بولسىمۇ، شائىرنىڭ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر ئىدى. ئەمما ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مەڭگۈلۈك ئارزۇسى بىلەن باغلىق بولغان بۇ قېتىمقى تەرك ئېتىشىنىڭ ئۇنىڭ سەمەرقەندتە ئوقۇپ يۈرگەن ياش چاغلىرىدىلا پەيدا بولغا نلىقىنى بىلمەيتتى. بەزىلەر ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دەپ گۇمان قىلىشاتتى.

ئاشۇ چاغدا سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئېزىلگەن يىگىرمە يەتتە ياشلىق ئەلىشىر ھەجگە بېرىشقا، قالغان پۈتۈن ئۆمرىنى تەرىقەت سۇلۇكىغا بېغىشلاشقا تەييارلانغان. ئەمما يۇرتتا پەيدا بولغان تېنچسىزلىقلار سەپەرگە چىقىشقا توسقۇنلۇق قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا ياش شائىر ھەزرىتى خوجا ئەھرارنىڭ مەسلىھىتىگە ئەمەل قىلىپ تەرىقەت ئىلمىنى ئۆگۈنىشكە باشلىغان ئىدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا خاتالاشمىغان ئىدى. دېگەندەك ياندۇرقى يىلى يازدا بەدىئۇززا مان مىرزا ئىسيان كۆتۈرۈپچىقتى. سۇلتان ھۈسەيىن قوشۇن تويلاپ ئاسترابادقا ئاتلاندى، ئەمىر ئەلىشىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. ئاتا بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا بىگۇناھ نەۋرىنىڭ خۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ بەكمۇ قاتتىق ۋە رەھىمسىز بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئەمىر ئەلىشىر خۇراسان سەلتەنەتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرۇچى ھىساپلا يتتى، گەرچە ئۇزۇلگەن يىپنى قايتا ئۇلغىلى بولغىنى بىلەن ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇزۇلغان مۇناسىۋەتنى زادى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن زورىغا تىرىشچانلىق كۆرستىۋاتاتتى. بۇ قېتىم سۇلتان ھۈسەيىنمۇ ئۇمىدىنى قېلىچقا ئەمەس، بەلكى دوستىنىڭ ئەقىل ـ تەدبىرگە باغلىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە ئېيتالمىسىمۇ، لېكى ئۇششاق ئىشلار، نازۇك ئىشارىلەر بىلەن بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭغا بىلدۈرۈ شكە ھەركەت قىلاتتى. مانا شۇ سەۋەپتىنمۇ ئەمىر ئەلىشىر بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچىلىككە باردى. ئۇ مىرزىدىن ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە قۇلاق سېلىشنى ئۆتۈندى، خۇددى ئالدىنقى قېتىم، يەنى مۆمىن مىرزا ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئاۋال يۇزبەرگەن ئىسيان ۋاقتىدا نېمە دېگەن بولسا، شۇنى يەنە تەكتلىدى. ئەمما ئۇ ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بىلەن بەربىر مىرزا تۆۋە قىلىشقا ئۇنىمىدى. ئۇ ئەمىر ئەلىشىرغا قاتتىق تىكىلىپ تۇرۇپ:« مەۋلانە، مەن سىزنى ئاتامدىن ئارتۇق كۆرىمەن، ئوغلۇممۇ سىزنى مەندىن ئارتۇق سۆيەتتى. خوش، قېنى ئېيتىڭچۇ ، ئاتا دېگەن پەرزەنتنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرەمدۇ؟» ـ دېدى. شائىر ئۇنىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى؛«مىرزام بۇگەپلەرنى ئۇنتۇڭ» ـ دېدى، ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋېلىپ. «قايسى سۆزلەرنى؟» دېدى بەدىئۇززامان مىرزا چوڭقۇر ئازاپ ئارلاشقا غەزەپ بىلەن. بۇ چاغدا ئەمىر ئەلىشىر ئۆزىنى ئارتۇچە تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ھالىنى كۆرگەن بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ تارام ـ تارام ياش قۇيۇلدى.

ئەلچى ئەمىر ئەلىشىر مەرۋىدە قارارگاھ قۇرۇپ ياتقان سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ھوزۇرىغا تولىمۇ ئۈمىدسىز ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر زامانلاردا ئۇلۇغ ئەمىر تۆمۈر كۆراگان تىكلىگەن بۇ قۇدرەتلىك سەلتەنەتنىڭ ئاخىرقى بىر پارچىسى بولغان دۆلەتنىڭ تەنەززۇلغا ئېچىنغان ھالدا ھۈسەيىن بايقاراغا: «پەرزەنتىڭىز تۆۋە قىلىشقا تەييار» ـ دېدى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن تەدبىر لەرنىڭ ھەممىسنى ئىشقا سېلىپ، پادىشاھنى بەدىئۇززامان مىرزا تەلەپ قىلغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسنى قۇبۇل قىلىشقا كۆندۈردى. ئاندىن قارارگاھتىكى چېدىرغا كىرىپ، ئىسيانچى شاھزادىگە مەكتۇپ يازدى ۋە شۇ ۋاقتنىڭ ئۆزىدىلا مەكتۇپنى چاپارمەندىن ئەۋەتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي

بەدئوززامان مىرزىدىن جاۋاپ كەلدى. ئۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مەكتۇ بىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ۋە ئۇزۇنغا قالماي تۆۋە قىلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بارا ـ بارا مىرزىنىڭ مەكتۇ بىدىكى ۋەدىلىرىنى ئىسپاتلىدى. سۈلھنامە پۈتۈلۈپ پادىشاھ مازەندارانغا، ئەمىر ئەلىشىر بولسا دارۇلسەلتەنەتكە قايتىشقا تەييارلاندى.

ئەتىسى ئەتىگىنى يولغا چىقىدىغان چاغدا شۇنەرسە مەلۇم بولدىكى، شائىرنىڭ قارارگا ھتىكى چېدىرىنىڭ تۈرۈسىدا بىر غۇرلاي ئۇۋۋا ياساپ تۇخۇم قويۇشقىمۇ ئۈلگۈگەن ئىدى. چېدىرنى يىغىشتۇرۇشقا رۇخسەت سوراپ كىرگەن مۇلازىملار بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندا ئەمىر ئەلىشىر بۇ ئىشنى بالدۇرلا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە مۇلازىملارنىڭ قوقوۋۇشتۇرۇپ تۇررۇشقانلىقىنى كۆرۈپ: «غۇرلاي تۇخۇمنى يېرىپ چۆجىلىرىنى ئۈچۈرما قىلغانغا قەدەر چېدىر شۇ پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن» ، ـ دېدى. ئاندىن خوجا ھۇسەيىن بەختىيارنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا چېدىرنى بۇزماستىن ھەرۋاقىت مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، غۇرلاي باللىرى چوڭ بولۇپ، قاناتلىرى تۆمۈردەك قېتىپ ئۈچۈرما بولۇپ، ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېدىرنى مۇھاپىزەت قىلغان بۇ خىزمىتى ئۈچۈن بۇ تەڭداشسىز چېدىرنى يىغىپ ئېلىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. خوجا ھۇسەيىن بەختىيار ئەمىرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە بىرئاز ئىسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن بىردىنلا كۆزلىرى چاقناپ ھەزرەتنىڭ شەنىگە ۋە ئۆزىگە قىلغان ساخاۋىتىگە ھەمدۇ ـ سانالار ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمرىنى خوشاللىق بىلەن بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كۆڭلى تىنىپ، دىلى خاتىرجەم بولغان ئەمىر ئەلىشىر سەلتەنەت باللىرى بولغان پۇخرالارغا ئاللاھدىن كۆپ ئىنايەتلەر تىلەپ يولغا چىقتى.

مانا نەچچە يىلدىن بۇيانقى سەلتەنەت ئاسايىشلىقى ئۇنىڭ چېدىرى تۈرۈسىغا ئۇۋا قويغان غۇرلاي تۇخۇملىرىدەك ئامانەت، ئەگەر ئۇلار مۇھاپىزەت قىلىنمىسا، ھىرىسۇ ـ ھەۋەس، زۇلۇم ـ ستەم، ئىسيان ـ غەۋغا قەسىرىدىن يەرگە چۈشۈپ كۇمپە يكۇم بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

تا ھىرىسۇ ھەۋەس خامىنى بەربات بولماس،
تا نەپسۇ ھاۋا قەسرى بەربات بولماس،
تا زۇلۇم ـ ستەم جانغا بىداد بولماس،
ئەل شاد بولماس، مەملىكەت ئاۋات بولماس...

ئەمىر ئەلىشىر يولدا كېتىۋېتىپ، بەربىر قېرىغان پادىشاھ بىلەن كۈچ ـ غەيرەتكە تولغان شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ مۇقەررەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈربويى بۇ سەلتەنەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن چەككە رىيازەت، جاپا ـ مۇشاقەتلىرىنىڭ خۇددى قىزىق قۇمغا تامغان يامغۇر تامچىسىدەك بىنەپ كەتكەنلىكىدىن

يۈرەك ـ باغرى ئېزىلدى. شائىر بالىلىقتىكى دوستىنىڭ كېيىنكى يىللاردا جەڭگى ـ جېدەل ۋە ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىشتىن باش تارتمىغا نلىقىدىن نارازى ئىدى. تېخىمۇ پاجىئەلىك بولغىنى شۇكى، قېرىپ قالغان پادىشاھ ھەركۈنى ناماز پېشىندىن كېيىن ئۈچمەيدىغان بىرمۇ كۈنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى پەقەت ئۆزىنىڭ خۇي ـ پەيلىگىلا ئەمەس، بەلكى ئوغۇللىرى ۋە بارلىق سىپاھلىرىغا غەيرى تەسىر كۆرسەتتى. بىر يۇتۇم مەي دۇنيانى بۇزىدۇغۇ، ئەمىر ئەلىشىر «ئۇممەل خابائىس»بولغان مەيگە بېرىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن بەكمۇ قورقاتتى. ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بۇيان مۇشۇ سەلتەنەت ئاستانىسىنىڭ تۇپرىقىغا يىلتىز تارتتى. ھەر ۋاقىت دوستى ئولتۇرغان تەختنىڭ تېنىچلىقىنى كۆزلىدى. ئاتا ـ ئەۋلادى ئازكەم بىر ئەسىر مابەينىدە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشى يولىدا قوللىرىغا قېلىچ ئېلىشقىچە ھەممىنى قىلدى. بۇ خىزمەتلىرىنىڭ بەدىلىگە پادىشاھلارمۇ ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى، ئالىي مەرتىۋىلەرنى بەردى، بەزىدە تېخى ئۆز نەزىرىنىڭ چېتىدىمۇ قويدى، ئەمما يەنە ھوزۇرىغا چاقىرتتى.

پادىشاھقا دوست بولغان كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ. ئوتتۇز يىلدىن بۇيان، بۇ دۈشمەنلەر ئۇنى يامان كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا تۆھمەتلەرنى ئارتتى، بۆھتانلارنى چاپلاشتى، ئەمما ئۇ ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتى، چۈنكى پۇشايماننىڭ پايدىسى يوق. ياق! ـ ياق! ئۇ پۇشايمان قىلمايدۇ، ئۇ چەككەن رىيازەتلىرىدىن رازى. ئۇ ھەر ۋاقىت كىشىلىنى تەڭرىتائالا يولىدىن غاپىل، مۇسۇلمانلار دادىدىن خالى قىلمىدى، دوستلىرىنىڭ پىكرىدىن ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھىلە ـ مىكىرلىرىدىن بىپەرۋا بولمىدى.

ھىجرىيە **873** ـ يىلى (مىلادى **1469** ـ يىلى) سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا قاراباغدىكى جەڭ مەيدانىدا ھالاك بولدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا خۇراسان تەختىنى ئىگەللىۋالدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ نەزىرىدە بۇ تەختنى ئىگەللەشكە سۆزسىز ھەقلىق ئىدى. شۇچاغدا ئۇ سەمەرقەندتە، تېخىمۇ ئېنىقراقى خوجا جالالىددىن فەزلۇللاھ ئەبۇلەيس خانىقاسىدا تەرىقەت سۇلۇكى ئىلمىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ بۇ خوشخەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ يېنىدا بولۇشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ساخاۋەتلىك ئەمىر ئەخمەت ھاجىببەگنىڭ ھەمرالىقىدا ھىراتقا ئاتلاندى .سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىق شەرىپىگە «قەسىدەئىي خىلالىيە»نى يازدى. پادىشاھمۇ ئەمىر ئەلىشىرنى خۇرسەنلىك بىلەن كۈتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئالىي ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئەمما تېخى پادىشاھلىق تەختى ئامانەت ئىدى، ماناشۇ ئامانەت تەختنى بەقارار قىلىش مەقسىتىدە مەملىكەتتە پادىشاھ بىلەن تەڭ تېنىچلىق ـ ئاسايىشلىق بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۇ مەلۇم ۋاقىت قەلەمنى ئۇنۇتتى. تەخت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۆرەش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. يالغۇز يادىكار مۇھەممەد مىرزىلا سۇلتان ئەبۇ سەئىدمىرز ىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە تەختكە دەۋاگىرلىك قىلىپ ئازبولمىغان كاساپەتلەرنى يەتكۈزمىدىمۇ؟! ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد مىرزا، قارا قۇيۇنلۇلار ياردەم بەگەن ئەبۇبەكرى مىرزا بىلەن بولغان جەڭلەرچۇ؟ ماناشۇ جەڭگى ـ جېدەللەر داۋامىدا ئۇ ھەمىيشە يا دوستىنىڭ قېشىدا، يا دارۇلسەلتەنەتنى

قوغداشتا باش ـ قاش بولاتتى.

مانا ئۇنىڭ چەككەن زەخمەتلىرىنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە مەملىكەتتە ئاسايىشلىق قارار تاپتى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ سەۋەبى بىلەن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئوردىسىغا ئەھلى ئىلىملەر ۋە بىنەزەر ئىنسانلار توپلاندى، مانا ئەمدى بۇ بىۋاپا جاھان بۇگۈنگە كېلىپ ـ پادىشاھمۇ، ئۆزىمۇ شەكەستە بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ دوستىنى ئادالەتلىك پادىشاھ بولۇشقا دەۋەت قىلىپ كەلدى. زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك سەۋەبىدىن ئاۋات جايلار ۋەيران، قەسىر ـ سارايلار بايقۇشقا ماكان بولىدىغانلىقىنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتتى. پادىشاھلار زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك قىلىشقا كۆپرەك مايىل بولىدۇ، ناھەق قان تۆكۈش ئۇلارنىڭ ھۈنىرى... جېنى بار ئادەم ئۇنىڭدىن قورۇقسۇن. پادىشاھلارنىڭ ناماقۇللىقى ئۆزلىرىگە ياخشى كۆرۈنىدۇ، قارنى ئاق دېسە، بۇنى ماقۇللىمىغان گۇناھكار، ئاقنى قارادېمىگەنلەرنىڭ بولسا، روزىغارى قارا بولىدۇ. پادىشاھلارغا توغرا سۆزنى ئېيتقانلارنىڭ جېنى خەتەردە، ئىزگۈلۈككە ئۈندىگەننى قەتلئام كۈتىدۇ. ئەمما ئۇ دوست سۈپىتىدىمۇ، ۋەزىر سۈپىتىدىمۇ يامان، ئىمانسىز بولسا پوخرانىڭ ھالىغا ۋاي.

ئەسلىدە «ۋەزىر» دېگەن سۆز «ۋىزىر» يەنى «گۇناھ» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ۋەزىرلەر ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن گۇناھتىن تەپتارتمايدۇ. بىراق ئەمىر ئەلىشىر بولسا، ۋەزىرلىكنى ھۆكۈمدار يۈرگۈزگەن سىياسەت تۈپەيلىدىن يۈزبەرگەن گۇناھلارنى بوينىغا ئېلىش ۋە بىرتەرەپ قىلىش دەپ چۈشىنەتتى. ئەنە شۇ مەقسەت يولىدا ئەقىدىسىگە نەقىشلەنگەن «ئىنساپلىققا خۇدا رەھمەت قىلسۇن» دېگەن سۆزنى سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتىنىڭ شۇئارى قىلدى. ئەمما ئۇ ئەمدى قېرىدى، هاردى، تالدى، تالجىقتى، تېلىقتى. ئەمدى ئۇ ئۆمۈر بويى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مۇبارەك ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئەمىر ئەلىشىر روھى پاكىز، پاك ـ دىيانەتلىك كىشى ئىدى. گەرچە ئۇ قۇدرەتلىك بىر خانلىقنىڭ ۋەزىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پەخىر لىنىپ ئۇچمىدى، بەلكى تەرىقەتكە سادىق بولدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بىر قېتىم ئۇنىڭ پاكلىقى، تاھارەتسىز بىر قەدەم ئالمايدىغانلىقى ھەققىدە «بۇھەزرەت دۇنياغا كېلىپ ھايات لىباسىنى كەيگەندىن بۇيان پىشىگە شەھۋەت چىركىنى يۇقتۇرمىغان، كىچىك پېئىللىق ۋە مەرتلىك تونىنىڭ ياقىسىدىكى لەئىل تۈگمىسىنى خۇتۇنلارنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسىگە تۇتقۇز مىغان»، ـ دېگەندى.

ئەمىر ئەلىشىر ياشلىقىدىن باشلاپ، ھەتتە ھىرات ۋە سەمەرقەند مەدرىسلىرىدە ئىلىم ـ ئىرپاندىن ساۋاق ئېلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ، ھەمىشە دەرۋىشلەرنىڭ سۆھبىتىنى خالىدى، ھىدايەت يولىدا رەھنامىلىق قىلىۋاتقان ماشايىخلاردىن ئىلىم ئۆگەندى، بۇ پاك دىل كىشىلەر توپىغا ئىخلاس ۋە مۇردلىق قەدىمى بىلەن خىزمەت قىلدى. ئاستراباتتا يۈزبەرگەن ۋەقە تۈپەيلىدىن پادىشاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن سوغۇقچىلىق سەۋەبىدىن ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈلگەندىمۇ سەلتەنەت ئىشىدىن ئېتەك يىغىشتۇرۇپ، ئىبادەت ۋە رىيازەت ئەھلى بىلەن بىرگە بولۇش

مەقستىدە راباتى سۇخەيلدە ھوجرىغا بىكىنىپ ئېتكاپتا ئولتۇردى. ئەسلىدىمۇ ئۇ پانا يولىغا مايىل ئىدى. لېكىن ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا پادىشاھ ئۇنى يەنە ئور دىغا چاقىردى. ئەمىر ئەلىشىر دەسلەپ«مېنىڭ يولۇم پېقىرچىلىقتا»دەپ بۇنىڭغا ئۇ نىمىدى. ئاخىرى بىر كۈنى پادىشاھ پۈتۈن ئوردا ئەھلى ئالدىدا ئۇنىڭغا :«سەلتەنەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش سىزنىڭ رايىڭىزغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. كېلىڭ دوستۇم، تىنىمسىز قە لىمىڭىزدىن مەملىكەت تىنچ ـ ئامان بولسۇن»دېدى. ئەمىر ئەلىشىر ئاخىرى«بىر سائەتلىك ئادالەت ئاتمىش يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەل»دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىپ، پادىشاھنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇنلانغان بولسىمۇ، ئەمما پاك ۋە ئۇلۇغ تەگرىنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىدى. ھېچقاچان، ھېچ بىر سۆزىدە دەرۋىشلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتمىدى، ھەر بىر ئىشقا ئىخلاس ۋە ئىمان بىلەن كىرىشتى. شۇ سەۋەپتىن سەلتە نەت ئىشلىرىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش توغرىسىدا پادىشاھقا مەسلىھەت بەرگەندە ئىماننى ئوتتۇرىدا قوتۇپ سۆزلىدى. ياشلارغا تەگرى ئىنايىتىدىن شەپقەت تىلىدى، دوستلارغا كەرەم، پىشقەدەملەرگە ئىززەت كۆرستىش مىزانىغا ھەمىشە رىئايە قىلدى.

پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆپلەپ يەر ـ سۇ ئىنئام قىلدى. ئەمما ئۇ باي بولۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈ پمۇ قويمىدى، بەلكى ئۆز مۈلكىدىن كىرگەن دارامەتنى ساۋاپلىق ئىشلار، مەدرىسلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، مەرىپەتكە يېتەكلىگۈچى كىتاپلارنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىش، تالىپلارغا نەپىقە بېرىش، مۇھتاجلارغا ياردەم بېرىش ۋە ھەتتا، زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالسا پادىشاھقا، لەشكەرلەرگە سەرىپ قىلدى. ئەمىر ئەلىشىرنىڭ شەخسىي مۈلكىدىن كىرىدىغان بىر كۈنلۈك دارامەت ئون سەككىزمىڭ شاخرۇخىي ئىدى، ئۇ ئەنەشۇ دارامەتنىڭ ھەممىسىنى ساخاۋەت، ھىممەت ئېھسانىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى.

ئۇ ھەقتىن قورقۇشنى ھېچقاچان ئېسىدىن چىقارمىدى، بېشىغا ئېغىر مۇشاقەتلەر كەلگەندىمۇ سەۋر ـ تاقەت، چىدام ـ غەيرەت بىلەن ئاللاھقا سېغىندى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئەقىدىسى ئۈچۈن سوپى ماشايىخلارنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان، سۈلۈك يوللىرى كۆرستىلگەن«نەسائىمۇل مۇھەببەت»، «لىسانۇتتەيىر»ناملىق كىتاپلارنى يازدى.كېچە ـ كۈندۈز پوخرا ـ يۇ، دەرۋىشلەرنىڭ، غېرىب ـ مۇساپىرلارنىڭ غېمىنى يەپ، تۈرلۈك ناملاردىكى خانىقا، مەسچىت، رابات ـ سارايلارنى، ھامام ۋە كۆۋرۈكلەرنى سالدۇردى. يالغۇز«خالىسىيە»خانىقاسىدىلا ھەركۈنى مىڭدىن ئارتۇق مىسكىنگە تاماق تار قىتىلدى، ھەر يىلى ئىككى مىڭغا يېقىن باش كىيىم، تون، كۆڭلەك ـ ئىشتان ۋە ئۆتۈك ئۈلە شتۈرۈلدى. بۇنداق ساخاۋەتلەردىن بەھرىمەن بولغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى...

بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇ نىشاپورغا بارغاندا ماشايىخلار، جۈملىدىن ئۆزى چوقۇنىدىغان شەيخ پەرىدىدىن ئەتتار مازىرىنىڭ بارغانسېرى خارابىلىككە ئايلىنىپ كېتىۋا تقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بەك يېرىم بولدى ۋە دەرھال رېمونت قىلىشنى بۇيرىدى، شەيخنىڭ قەبرە بېشىغا يېڭى بىر خانىقا سالدۇردى. ھىراتتىكى مەرغەنىي بېغىنىڭ

ئىچىگە ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، شۇ زاماندىكى ئاتاقلىق قارىيلارنىڭ بىرى بولغان خوجا ھاپىز مۇھەممەد سۇلتانشاھنى بۇ مەسچىتكە ئىماملىققا تەيىنلىدى. ئۆزىمۇ بەش ۋاخ نامازنى مۇشۇ مەسچىتتە ئۆتەپ، نامازغا كەلمىگەنلەرنى قاتتىق سۈرۈشتۈردى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئەمىر ئەلشىر ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، كۈندىلىك ئادىتىگە خىلاپ ھالدا مەسچىتتىن ئىتتىك چىقىپ، ھېچقانداق جايدا توختىماستىن، ئۇدۇل مېڭىپ، ھىراتلىقلار«ئۈنسىيە»دەپ ئاتىشىدىغان ئۆز ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى ۋە ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى بىنەپشىزارلىققا قاراپلا ئارقىسىغا ياندى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران قېلىشتى. خوجا ھاپىز مۇھەممەد سۇلتانشاھ ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا بىسەرەمجان بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى.«بايا نامازغا چىقىش ئۈچۈن ھويلامدىكى بىنەپشىزارلىقنىڭ يېنىدا تاھارەت ئالغانىدىم. ناماز سېپىدە تۇرغىنىمدا بىر چۈمۈلىنىپ يەلكەمدە ئۆمىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم، بۇ چۈمۈلىنىڭ بايا تاھارەت ئالغان جايدا مۆرەمگە ئېلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ناۋادا ئۇ چۈمىلە يەلكەمدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئاياغ ئاستى بولۇپ ئازار يەپ ئامان قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۇۋىسىغا قايتىدىغان يولنى تاپالماي ئۆلۈپ كېتىپ قالسا ئۇنىڭ ئۇۋالىغا قېلىشتىن قورۇقتۇم. شۇڭا مەن نامازنى ئۆتەپ بولۇپلا ھويلامدىكى تاھارەت ئالغان جايغا بېرىپ، چۈمىلىنى ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزىغا چۈشۈرۈپ قويدۇم ـ دە، ئۇۋالىغا قېلىشتىن قۇتۇلدۇم. مانا ھازىر يەلكەمدىن چۈملە ئەمەس، بىر تاغ ئاغدۇرۇلغا نىدەك يەڭگىللەپ قالدىم، خوجام» ، ـ دېدى.

بۇگەپنى ئاڭلىغان خوجا قولىنى دۇئاغا، دىلىنى رەخمەت ئېيتىشقا ئاچتى...

ئەمىر ئەلشىر مەرۋىدىن دارۇلسەلتەنەتكە قايتقاندا، يول بويى ئۇيلىغانلىرى توغرا بولۇپ چىقتى. مەملىكەتتە بەدئوززامان مىرزىنىڭ ئىسيانىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئاسايىشلىق ئانچە ئۇزاق داۋام قىلمىدى، بەلكى بىر يىغا يەتمەيلا ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىم سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ يەنەبىر ئوغلى ـ ئابدۇلمۇھسىن مىرزا توپىلاڭ كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ھۇسەيىن قوشۇن باشلاپ ئوغلىنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن مەرۋىگەقاراپ يول ئالدى. بۇ ۋەقەدىن خېلى بۇرۇنلا ئەمىر ئەلشىر پادىشاھقا قايتا ـ قايتا مۇراجەت قىلىپ، مۇقەددەس كەئبىنى تاۋاپ قىلىش سەپىرگە ئىجازەت ئالىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. بىراق بۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن سۇلتان قوشۇنلىرى دارۇلسەلتەنەتتىن يەنە بىر قېتىم چىقىپ كەتتى، ئەمىر ئەلشىر بولسا، بۇ سەلتەنەتكە ئەمدى تېنىچلىقنىڭ مەڭگۈ نىسىپ بولمايدىغانلىقىنى، پادىشاھنىڭ پايتەختتىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى بولغان بۇ مۇبارەك سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ تېپىلماس پۇرستى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال يولغا چىقتى ۋە بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن مەشھەدكە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كارۋىنى شەھەرگە يېقىنلاشقاندا ئۇ يەنە بىر قېتىم پادىشاھدىن ھال ـ ئەھۋال سوراش، ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ سەپەرگە بېرىلگەن ئىجازەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش نىيىتىدە تىۋىپ مەۋلانە ئابدۇلھەينى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھوزۇرىغا ـ مەرۋىگە ئەۋەتتى. ئۆزى ئىمام رازىنىڭ مەقبەرىسى

ئەتراپىدا پاناھلىنىپ يۈرىيدىغان كەمبەغىل، يىتىملەرگە تاماق ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن سېلىنغان غەلۋىرخانىدا قونۇپ، جاۋاب كۈتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مەۋلانە ئابدۇلھەي ئىسيانچى ئابۇلمۇھسىن مىرزا بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلدى ۋە ئەمىرگە پادىشاھنىڭ مەكتۇبىنى تاپشۇردى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەمىر ئەلىشىرگە يازغان مەكتۇبى:

»سەلتەنەتنىڭ روھى، مەملىكەتنىڭ تايانچى، دىن ۋە دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى، دۆلەت ۋە مىللەت ساھىپلىرىنىڭ يېتەكلىگۈچىسى، خەيرلىك بىنالارنىڭ مۇئەسسەسى، پاكىزى ئىشلارغا بۇيرۇلغان خاقانى دۆلەتنىڭ مەدەتكارى، سۇلتان ھەزرەتنىڭ يېقىنى نىزامىددىن ئەلىشىر جاناپلىرىغا ھېساپسىز كۆپ دۇئالار ۋە مەشۇق قوزغاتقۇچى سالاملار توپلامى يەتكۈزىمىز، پەيزىلىك مۇلاقاتلار ئارزۇسى شەرق پايانى دائىرىسىدىن ئارتۇقتۇر. روشەن كۆڭۈللىرىگە يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، جۇمە كۈنى-رەجەپ ئېيىنىڭ ئون بىرىنچى كۈنى ئۇلۇغ مەۋلانە ئابدۇلھەي كېلىپ، شەرەپلىك مىجەزلىرىنىڭ كەيپىياتى، ساق- سالامە تىلىك ياخشى ھالەتلىرىنى يەتكۈزدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىش بىزنىڭ ھەددى ھىسابىسىز شادلىقىمىزغا سەۋەب بولدى. ئۇ يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا كۆڭۈللىرىدە قارار تاپقان ھىجاز تەرەپكە ماڭغانلىقلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر ئېغىزمۇ-ئېغىز كېلىپ تۇرغانىدى. ئەمما ئىشە نچىلىك كىشىلەردىن ئىشىتمىگىنىم ئۈچۈن ئىشەنگىلى بولمايتتى. لېكىن بىر قېتىملىق سۆھبە تتە خوجا ئەفزەلىددىن مۇھەممەدكە يېزىلغان مەكتۇپلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولدىكىم، بۇ كۈنلەردە ئۇ تىلەكلىرى مۇستەھكەملىنىپ ۋە يېڭىلىنىپ، سەپەرگە ئاتلىنىش خىياللىرى جەز ىمگە ئايلانغان.

گەپ شۇنداقكى، ھەممىگە، بەلكى ئالەمگە ۋە ئالەم ئەھلىگە ئاشكارىدۇركى، ئۇل جاناپ بىلەن بىرلىك، ھەمجەھەتلىكتىن باغلىنىش ۋە باغلىنىش ئالاقىسى، ھەمنەپەسلىكتىن تا شۇ كۈنگىچە قايسى دەرىجىگە بېرىپ بارغانىمىز ۋە ئېلىپ بارىمىز. ھەمىشە، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۇل جاناپنىڭ شەرەپلىك رازىلىقىنى ئۆزىمىزنىڭ مۇددىئا ۋە تەلەپلىرىمىزدىن ئۈستۈن بىلىپ، بۇ جەھەتنى مىسلىسىز دۆلەت دەللىلىرىدىن ساناغلىق ۋە سانايمىز. ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ قارشىسىدا ئۇل جاۋاپتىن دۆلەتخاھلىق ئەسەرلىرى، ئىخلاس، ياخشى پىكىرلىك ۋە يېقىنلىق كەبى خىسلەتلەر بارلىققا كەلگەن ۋە بارلىققا كېلىدۇ. بۇ قۇياشتىنمۇ روشەنراق بولغىنى ئۈچۈن تەپسىل بېرىشنىڭ پايدىسى يوق. ئۆزلىرى بىلىلىيكى، ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق تەكەللۇپ ۋە ئۆزىرچىلىك بولماي، ھەمىشە سۆز شۇنداق بولاتتىكى، ئۇ سەلتەنەت تايانچىنىڭ خاتىرىسىگە خەيرخاھلىق ۋە ياخشى پىكىرلىك يولى بىلەن نېمىكى كەلسە، ئۇنى ئېيتىشقا توققۇز قېتىم رۇخسەت بېرىلگەنىدى. دائىم بىزنىڭ خاتىرىمىزگە نىمىكى كەلسە، مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئىزھار قىلاتتۇق. بۇ ۋاقىتلاردا ھىجرەت قىلىشتىن ئىبارەت ساۋاپلىق ئىشقا ئاتلىنىش قارارىغا كەلگەنلىكلىرى كۆڭلىمىزگە قانچىۋالا ئېغىر كەلگەنلىكىگە قارىماي، ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل ئىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا سىلىنىڭ مەنمۇنلۇقلىرىنى مەنپەتىمىزدىن ئۈستۈن قويىمىز. بىرىلگەن رۇخسەت ۋە ئىجازەتتىن قايتمايمىز. لېكىن كۆڭلىمىزگە كەلگەن ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىم. روشەنكى، بۇ خۇسۇستا يولنىڭ

تېنچلىقى شەرتتۇر. مەلۇم بولسۇنكىم، بۇ كۈنلەردە ئىراق زېمىنلىرى، جۈملىدىن باغداتنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەنلىكى نامەلۇم. مىسىر ۋە شام زېمىنلىرىدىمۇ تۇرلۇك باش ـ باتاقلىقلارنىڭ بارلىقى ئىشتىلمەكتە. رىۋايەت شۇنداقتۇركى، ئەگەر يولنىڭ خەۋپى كىشىنىڭ بىلىكى سەۋەپسىز تېلىپ قالغۇدەك دەرىجىدە بولسا، يولغا چىقىش جايىز ئەمەس. ئەگەر مۇشۇ كۈنلەردە يولنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بىرەر پىكىر خاتىرىمىزگە كەلمىسە قانداق بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇلىمالار ئېيتقاندەك، يولنىڭ ناتېنچلىقى جەھەتتىن خەۋپ پەيدا بولغان بولسا، زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن ئاشۇ خەۋپلىك جايدا كىشىنى قوغدايدىغان مۇلازىملار بولىشى كېرەك.

يەنە گەپ شۇنداقكى، بۇقېتىمقى سەپەرلىرى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇ مۇرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىز يەنە يۈز كۆرۈشكەن بولساق، خەيرلىشىش قائىدىسى بىجاكەلتۇرۇلگەن بولسا ياخشى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ مۇقەددىمىلەرنى يېزىشىمىزدا شۇنداق ئەندىشىمىزمۇ باركى، مۇبادا مۇبارەك خاتىرىلىرىگە غۇبار چۈشۈپ، بۇ سۆزلەر دىكى غەرەزلەرنى بىلمەن، دېگەن ئويغا كېلىپ قالامدۇ؟ دۆلەت پاناھ ئالىيلىرى بۇ خۇسۇستا بىرەر شۈبھە يادىلىرىغا كېلىپ قالسا، بىتەكەللۇپ سۆزلەۋەرگەيلا، بىزنىڭمۇ بۇ توغرىسىدا بىرەر ئىش يادىمىزغا كەلسە ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىشىمىزلازىم، دەپ بىلىمىز.

توغرا پىكىر قىلىش مەڭگۈ ئۆز ئىختىيارلىرىدا ۋە ئىككى دۇنيانىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن قانداقلىكى بىر نېمە لازىم بولسا تەقدىم قىلىپ تۇرۇلىدۇ. ئىككى دۇنيانىڭ سائادىتى يار بولسۇن. ۋەسسالام.«

ئەمىر ئەلىشىر مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن، سەپەرداش ھەمرالىرى ۋە مەشھەدشەھرىنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار سەلتەنەتنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەجگە بېرىش ئىشىنى كېچىكتۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇچاغدا مەۋلانە ئابدۇلھەي شاھزادە ئابۇلمۇھسىن مىرزىنىڭ ئاتىسى بىلەن سۇلھى تۈزۈش ئۈچۈن ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئوتتۇرىدا ۋەكىل بولۇشىنى شەرت قىلغانلىقى ئېيتتى. پادىشاھ بۇ گەپنى قەغەزگە يېزىپ ئەۋەتىشكە ئىشەنمەي مەۋلانىگە ئېيتىپ ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئەلىشىر مەرۋگە قاراپ يولغا چىقتى، ئۇنىڭ كارۋىنى مەشھەد بىلەن مەرۋى ئارلىقىدىكى سەرخس كەنتىگە يىتىپ كەلگەندە، ئۇنى ئىنىسى دەرۋىش ئەلى ئالدىغا چىقىپ كۈتىۋالدى. ئەتىسى سۇلتان ھۈسەيىننىڭ بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى، . پادىشاھ بىلەن شائىر بوزارغان تۆپەدېگەن جايغا تىكىلگەن شاھانە چېدىردا ئولتۇرۇپ ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. پادىشاھ ئۆز مەكتۇبىدا دېيىلگەن گەپلەرنى تەكرالىدى. ئەمىر ئەلىشىر ئۇنىڭ گەپلىرىنى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈندىمەي ئاڭلىدى ۋە پادىشاھنىڭ سۆزلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن:

ـ ئەلا ھەزرەت، سىلى بۇرۇن ماڭا، «ئەگەر پادىشاھلىقنىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇ نلىنىشتىن قولۇمنى يىغالىسام شەيخ نەجمىددىن كۇبرا مازىرى ياكى خوجا ئابدۇللا ئەنسارىينىڭ مەقبەرىسىنىڭ جاتۇپكىشى بولىمەن»دېگەن ئىدىلە.

ـ شۇنداق ئەلىشىربەگ. ـ دېدى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا مەيۈسلەنگەن ھالدا. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ يىگرمە

يىلىنىڭ ئالدىدىكى گەپلىرىنىڭ دوستىنىڭ بوگۈنگىچە ئۆنتۈپ قالمىغا نلىقىغا، ئۇنىڭ ئەستەتۈتۈش قۇۋۋىتىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە كۆڭلىدە تەكرار - تەكرار ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى. پادىشاھ بىردىنلا سەگەكلەشتى ۋە ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مۇددىئا سىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گېپىنىڭ داۋامىنى كۈتتى.

- ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سۆزلەرنىڭ سىلىگە مۇيەسسەر بولىشى تەس. ئەمما شۇنداق نىيەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلغان مەھرىمىڭىزنىڭ ھىجاز سەپىرىگە چىقىشىغىمۇ رۇخسەت بەرمەيسىز. مەن سىزدىن نەچچە مەرتە رۇخسەت تىلىدىم، ھەتتا ئاخىرقى قېتىم سىزدىن يەنە رۇخسەت سوراشقا جۈرئەت قىلغىنىمدا، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە ماقۇل بولمىغانلىقىڭىزنى سەزگەن ئىدىم. شۇڭا بۇ قېتىم گەرچە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن سەپەرگە ئاتلانغان بولساممۇ، لېكىن يەنە سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئادەم ئەۋەتتىم، ئەمما سىز مەكتۇپ يېزىپ مېنى يولۇمدىن قايتۇر دىڭىز.

پادىشاھنىڭ سەل ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەمىر ئەلىشىر «يەنە ماۋۇنىمۇ ئاڭلاڭ »دېگەندەك قولىنى كۆكسىگە ئالدى:

- بۇگەپلەرنى ئېيتىشتىكى مەقسىدىم ھەرگىزمۇ ئەلا ھەزرەتكە تەنە قىلىش ئەمەس. مەن ھەققەتەنمۇ سىزنىڭ مەكتۇبىڭىزدىكى مەقسەتلەرنى مېنىڭ سەپىرىمنى مەنئىي قىلىش دەپ ئويلۇمۇدۇم. مېنىڭ مەقسىدىممۇ ئۆزلىرىدىن يەنە بىر قېتىم رۇخسەت تىلەش ئىدى. ئەگەر رۇخسەت بەرسىلە، ئۆزەمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قالغان ھاياتىمنى خوجا ئابدۇللا ئەنسار بىنىڭ مازار ئاستانىسىنى سۈپۈرۈشكە سەرىپ قىلسام. مېنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن خالىي قىلسىڭىز، مەنمۇ بۇنداق مەسئۇلىيەتتىن ئازاد بولسام. ئاھ...نەچارە، قېرىلىقمۇ خۇدانىڭ ئىنايىتى ئىكەن، مانا ئەمدى سۆڭەكلىرىم بوشىدى، كۆزلىرىم نۇرسىز، كۆڭلۈم پاراغەت ئىستەيدۇ...

- قېرىدىم، دېمەڭ ئەلىشىربەگ، - دېدى سۇلتان ھۈسەيىن. - مەندىن ئۈچ ياش كىچىكسىز. مەن قېرىدىم دىسەم بولار، ئەمما قاراڭ قولۇمدا قېلىچ، دۈشمەنلىرىم بىلەن چېپىشىپ يۈرىيمەن. سىز بولسىڭىز...

- قېرىدىم ئەلا ھەزرەت، - دېدى ئەمىر ئەلىشىر، - بۇرۇنقىدەك مادارىم قالمىدى، مۇشۇ ھىجاز سەپىرىنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى سەپەر بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم.

- سىز مۇبادا خۇراساندا قالسىڭىز، سىزنىڭ ھەرقانداق ئىلتىماسىڭىزنى بىجىرىش مەن ئۈچۈن پەرھىز، - دېدى پادىشاھ. - چۈنكى سىز ھازىر بۇ مۈلۈكنى تاشلاپ كەتمەكچى بولىۋا تىسىز، ئۇنداق قىلماڭ، مېنى يالغۇز قويماڭ، مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەڭ. ياشلىقىڭىزدا، كۈچ غەيرىتىڭىز ئۇرغۇپ تۇرىدىغان چاغلاردا يېنىمدا بولدىڭىز، ئەمدى قېرىغاندا بىر- بىرىمىزنى تاشلىۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا سۆھبەتتىن كېيىن، پېشقەدەم شائىرغا ياقسى قارا قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن ئالتۇن تۈگمىلىك زەرباب جۇۋا ۋە يەنە بىرنەچچە قۇر قىممەت باھالىق تونلارنى كىيگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئەلىشىر بىر نەچچە كۈنگىچە ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇر ىسىدىكى ياراشتۇرۇش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن دارۇلسەلتە نەتكە قايتتى.

ئۇ شەيبان ئېىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىراتقا يىتىپ كەلدى. ۋەزىرى ئەزەم ـ مەلىكۇل شۇئەرانىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان پايتەخت ئەھلىنىڭ خوشاللىقى ھىسا پىسىزئىدى، تۈمەنلىگەن كىشلەر شەھەر دەرۋازىسىدىن تا ئۈنسىيەگىچە بولغا يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالغىلى چىققانىدى.

ئەمىر ئەلشىر ھىراتقا قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ خوجا ئەنسارىي مازىرى ئالدىدىكى مەيداندا شەھەر ئۇلۇغلىرىنىڭ ھەممىسى قاتناشقان چوڭ بىر يىغىن ئاچتى. يىغىندا ئۇ ھىراتنىڭ بارچە ئۇلۇغلىرىدىن، ئۆزىنىڭ بۇ قۇتلۇق دەرگاھنىڭ جارۇپكېشى بۇلۇ شتىن ئىبارەت مۆتىۋەر ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئېلىشقا رۇخسەت قىلىپ، پاتىھە بېرىشنى ئۆتۈ ندى. «مەن بۈنىڭدىن كېيىن دەرۋىشلىك يولىدا ياشاشنى ئىختىيار قىلدىم»، ـ دېدى ئۇ. شۇ كۈندىكى مەجلىس شۇنداق ئۇلۇغ بىر مەجلىس بولدىكى، ھەتتا سەلتەنەت بېشىدىكى ئۇلۇغ ۋەزىرلەردىن بىرى بولغان مۇبارىزىددىن مۇھەممەد ۋەلى بەگكە ئوخشاش كاتتا ئەمىرلەرمۇ مازاردىكى مەجلىسكە يىغىلغان ئۆلۇمالارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ پايپىتەك بولۇشۇپ كېتىشتى. مېھمانلار ئۈچۈن يەتمىش قوي، يىگىرمە بەش ئات سويۇلدى. ئۆلىمالارنىڭ ئالدىغا دۈۋە ـ دۈۋە قەنت ـ گېزەك ۋە تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر مول كەلتۈرۈلدى. مەجلىس ئاخىرىدا ناشا يىخلار ئەمىر ئەلشىرگە پاتىھە بەردى.

ئاشۇ مەجلىستىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئەمىر ئەلشىرنى دارۇلسەلتەنەتكە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى شىر ئوۋلاش ھەۋىسى بىلەن مازەندەران تەرەپكە كەتكەن پادىشاھتىن پەرمان كەلدى. پەرمان سەلتەنەت پايتەختىدە ھۆكۈم يۈرگۈزىۋاتقان ئەمىر ۋەلى بەگنىڭ نامىغا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن پات ئارىدا ھىرات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىدىن زۆرۈر خىراجەت ئۈچۈن يۈزمىڭ دىنار ئۈندۈرۈش تەلەپ قىلىنغانىدى. ئەمىر ۋەلى بەگ پادىشاھ تەلەپ قىلغان بۇ مەبلەغنىڭ يېرىمىنى شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن يىغىپ، قالغان يېرىمىنى پايتەخت ئاھالىسىنىڭ گەدىنىگە ئارتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئەمما ۋەلى بەگ ئەمىر ئەلشىرنىڭ مەسلىھەتىسىز ھېچقانداق ئىشنى قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ بۇ پىلاننى شائىرغا دېدى. «بۇنداق ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئۇستىگە ئورۇنسىز سېلىق سېلىشنى ئالىي دەرىجىلىك ساھىبقىراننىڭ دۆلىتىگە مۇناسىپ كۆرمەيمەن». ـ دېدى ئەمىر ئەلشىر ۋە شۇ كۈنىلا پادىشاھ خەلقتىن يىغىشنى تەلەپ قىلغان بۇ مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ دارامىتىدىن چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ ساخاۋىتىدىن خەۋەر تاپقان شەھەر خەلقى ئارىسىدىكى ئۇلۇغ كىشلەرنى ۋەكىل قىلىپ ئۇنىڭغا مىننەدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى. شائىر ئۇلارنىڭ مىننە دارلىقىنى قوبۇل قىلىپ.« ھەج سەپىرىنى نىيەت قىلىپ چىققان يولۇمدىن قايتۇرۇلدۇم، ئەمما بۇ يولدىن قايتۇرۇلغىنىم بىلەن ئىلمىگە خىزمەت قىلىش يولىدا دۇرمەن». ـ دېدى ۋە سۆزىنى بېيىت بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

خوش ئولكىم، ئاڭا لۇتف بىرلە خۇدا،

ئۇلۇسنىڭ قۇبۇلنى قىلدى ئاتا...

ئەمىر ئەلىشىر ئەنسارىي مازىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە بىر خانىقا سېلىش ئىشىنى باشلىدى، ئۇ قۇرۇلۇش ئورنىنى ئايلىنىپ گاھىدا تۆت ئەتراپىنىڭ پات ئارىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىد ىغانلىقىنى كۆزئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆز-ئۆزىدىن مەنمۇن بولسا، گاھى ھوجرىسىدا يالغۇز ئولتۇ رۇپ خوجىنىڭ جەلىمگە مەنسۇپ«ئىلاھىي نامە»ناملىق رىسالىنى ئوقۇيتتى ياكى «ۋە قپىيە »نى ئارىلاش بىلەن بەند بولاتتى. ئەمما سەلتەنەتتىكى ناتېنچلىق ئۇلۇغ ۋە ساۋاپلىق ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلىغان بۇ جارۇپكەشكە ئارام بەرمەيتتى. پادىشاھ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پايتە ختتە بولالمايتتى، ئۇ ئارقا-ئارقىدىن كۆتۈرلۈۋاتقان ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ قورقۇپ قالغان، شۇ قورقۇنۇش تۇپەيلىدىن ھەتتا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگىمۇ شۇبھە بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. كۈتمىگەندە ئۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئىنىسى دەرۋىش ئەلىنى بەلخنىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا، ئاستراباتى ۋەقەسىدىن كېيىن دەرۋىشلىك تونىنى كىيىپ پىنھان ياشاۋاتقان تاغىسى مىرزە ھەيدەرنى«پادىشاھقا خىيانەت قىلدى»دەپ ئەيىپلەپ ئۆلۈمگە بۇيرىدى. يەنە قۇندۇز ھۆكۈمدارى خۇسرەۋ شاھنى ئاستراباتقا ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرىلغاندا سۇسلۇق قىلدى دېگەن گۇمان بىلەن ئۆلتۈرىۋەتتى. بۇ ئىشلار دىن خەۋەر تاپقان ئەمىر ئەلىشىر ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتەندى، مۇلازىملىرىنى ئەۋەتىپ ھەيدەر مىرزىنىڭ جەسىدىنى ئەكەلدۈرۈپ ماھى بولىقىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدۇردى.

بۇ پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئەمىر ئەلىشىرنىڭ كۆڭلىدە تېخى تىنىپ ئۈلگۈرمىگەن ھەجگە بېرىش، پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئارزۇسىنى قايتىدىن ئويغاتتى. ئۇ يەنە سۇلتان ھۇسەيىن بايقاراغا مۇراجەت قىلىپ، ئىجازەت تىلىدى. پادىشاھ ئۇنى بۇنداق مۇراجەت قىلىشقا ئۈندىگەن سەۋەپلەرنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بەزىدە بىلمىگەنگە سېلىپ، بەزىدە ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەندەك قىلىپ، گاھىدا ئەنسارىيەگە كېلىپ ئۇنىڭ سەپەرگە چىقىشقا ئالدىرىماسلىقىنى ئىلتىماس قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بۇ قېتىمقى قارارى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئازار يېگەنلىكىدىن بولماستىن بەلكى، ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىدىن ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى ۋە پات ئارىدا يول پەرمانى يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەمىر ئەلىشىر ئۆزىنىڭ يولغا چىقىشى ئۈچۈن يول پەرمانى يېزىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەمما پادىشاھ «بىر ئاز سەۋرى قىلىڭ، زامان ناتېنچ، يوللار خەتەرلىك»دېگەندەك باھانىلەر نى كۆرسىتىپ يول پەرمانىنى بېرىشنى كېچىكتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئەملىيەتتىمۇ، ھەقىقەتەن زامان ناتېنچ ئىدى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە - ماۋەرائۇننەھىردە كۆچمەن ئۆزبېكلەر خانى شايبانخان ئارقا-ئارقىدىن غەلبە قازىنىپ، بارغانچە كۈچىيىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنداق رەقىپلەرنىڭ ئالدىدا تۆمۈرىي ھۆكۈمدارلىرى مۇستەھكەم بىرلىشىشنىڭ ئورنىغا بىر-بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇڭا شاھزادە ئابۇلمۇھسىن مىرزا ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان چاركۆلدىكى جەڭدە يېڭىلىپ قالغاندىن بېرى سۇلتان ھۇسەيىن

مىرزىنىڭ كۆڭلىمۇ ئالاقزادە ئىدى.

ئەمىر ئەلىشىر شۇ كۈنلەردە ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈرنىڭ پايتەختى بولغان سەمەرقەندنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن شايبانىخان بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئەۋرىسى بابۇر مىرزا ھەققىدە نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىدى. سەمەرقەندتە تۇرغان چاغلىرىدا ئۆزىگە ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق قىلغان ئەھمەد ھاجىپبەگدەك دىيانەتلىك بىر كىشىنىڭ شۇ مىرزا تەرەپتە تۇرۇپ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە مۇددەت بۇرۇن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە شېھىت بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق ئۆكۈندى، ياش بابۇر مىرزىغا خۇدادىن كۆپلەپ ئىنايەتلەر تىلىدى. جۈملىدىن، بۇ ياش مىرزا يازغان تۈركىيانە بېيىتلار ئېغىز دىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنىڭ قولىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ ئاشتى. غەزەل پىرى بولغان ئەمىر ئەلىشىر بۇ بېيىتلاردىكى ياڭراق نىدا، مەغرۇرانە مەرتلىكنى سېزىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇنىڭغا بولغان مېھرى تېخىمۇ ئۇرغۇپ، يېرىم كېچىگە ئولتۇرۇپ مىرزىغا مەكتۇپ يازدى ۋە ئۆزىنىڭ سادىق مەھرىمى ئارقىلىق بۇ مەكتۇپنى سەمەرقەندكە ئەۋەتتى. ئۇ بۇ مەكتۇپنىڭ ئۆزئىگىسىنىڭ قولىغا تەگدىمۇ ـ تەگمىدىمۇ بىلەلمىدى، ئەمما ئۇ ھەر قېتىم ئۇ ياش مىرزىنى خىيالىغا كەلتۈرگىنىدە يۈرىگىدە ئىللىق بىر سېزىم پەيدا بولاتتى.

نىھايەت، شۇ يىلىقى باھارنىڭ ئاخىرلىرىدا قىشتا يېزىلغان يول پەرمانى ئۇنىڭ قولىغا تەگدى، پەرماننىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مانا مۇنداق ئىدى:

»ئەمىر ئەلىشىر سۇلتان ھۈسەيىن خاندانىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەم سادىق دوستى، دائىمى سۆھبەتدىشىدۇر. شۇ كۈنلەردە ئۇ كىشى ھەجگە بېرىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ، پادىشاھتىن ئىجازەتلەرۇ رۇخسەت سورىغان. گەرچە ئەمىر بىر نەچچە قېتىم بۇ نىيىتىنى بىلدۈرۈپ ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم پۇخرالارنىڭ مەنپەتىگە باغلىق بولغان سەۋەپلەر كۆرسىتىلىپ، ئىلتىماس ئەمەلگە ئاشماي توختىتىپ قويۇلغانىدى. بۇ قېتىم ئەمىرنىڭ يۈزخاتىرىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىجازەت بېرىلىپ، شۇنداق ھۆكۈم جارىي قىلىنغانكى، ئۇ كىشى ھەجگە بېرىش يولىدا قايسى جايغا يېتىپ بارسا، ھەرقانداق يەردىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇنى زور ئېھتىرام بىلەن كۈتىۋېلىپ، يولغا سېلىپ قويسۇن. خەتەرلىك مەنزىللەردە ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا يول كۆرسىتىپ، بىكەتتىن ـ بىكەتكە تىنچ ۋە ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قويۇلسۇن. ھەممە ئەمىرلەر، داروغەرلەر، ئەئيان ۋە ئەشرەپ، بارچە شاھزادىلەر ۋە ئۇمۇمىي ئاھالە بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتمىسۇن.

ئۇشبۇ پەرمان پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن 90 ـ يىلى زۇلقەددە ئېيىنىڭ 5 ـ كۈنىدە يېزىلدى«

پەرمان قولغا تېگىش بىلەنلا باشلىنىپ كەتكەن تەييارلىق ئىشلىرى ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە توختاپ قالدى. چۈنكى ياز باشلانغانلىقتىن ھاۋا بارغانسېرى قىزىپ، ھارارەت كۈچىيىپ، بىپايان سەھرا ـ چۆللەردىن ئۆتىدىغان يولنىڭ جاپاسى ناھايىتى مۈشكۈللىشىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سەپەر كۈزگىچە كېچىكتۈرۈلدى.

**تەقدىرنىڭ تەقەززاسى بىلەن ۋەقەلەر يەنە قايتا تەكرارلىنىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ مۇ ھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدىكى ياز كۈنلىرىدە(100 ـ يىلى ئىيۇلدا) پادىشاھنىڭ كىچىك ئوغلى مۇ ھەممەد ھۈسەيىن مىرزا ئاتىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقتى. خېلىلا قېرىلىق يەتكەن پادىشاھ يەنە دارۇلسەلتەنەتنى تاشلاپ چىقىپ، ئاستراباتتىكى شاھزادە ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.**

**بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئەمىر ئەلىشىرنى ھوزۇرىغا چاقىرتتۇردى. شائىر قوبۇلخانىغا كىرىپ كەلگەندە پادىشاھ ئەمىر ۋەلىبەگ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.**

**ـ ئاستراباتتا يەنە ئىسيان، ـ دېدى پادىشاھ، ـ يەنە پەرزەنت ئىسيانى...**

**ـ ئاستراباتمۇ، پەرزەنتىڭىزمۇ كۆزۈڭىزدىن يىراق، شۇڭا ئۇلار قورقۇشنى ئۇنۇتقان، ـ دېدى ئەمىر ۋەلىبەگ.**

**قەتئىيلىك بىلەن ـ ياق جانابى ۋەلىبەگ، ئۇلار ئاتا ـ بالىلىق مېھرىنى، ئاقىۋەتنى ئۇنۇتتى. ـ دېدى پادىشاھ**

ئۆچەيلەن ئۇزاق كېڭەشتى. پادىشاھ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ھەج قىلىپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىپ يول پەرمانى بېرىپ بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا دارۇلسەلتەنەتنىڭ ئىختىيارىنى دوستى بىلەن ئەمىر ۋەلىبەگە ئامانەت قالدۇرغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمىر ئەلىشىر بۇنىڭغا جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى. پادىشاھ مەكتەپداش دوستىنىڭ كۆزلىرىگە ئىلاجىبار قارىماسلىققا تىرىشىپ قىسقىلا خوشلاشتى.
دەسلەپكى كۈنلەردە ئەمىر ئەلىشىر تەدبىر كار ئەمىر ۋەلىبەگ بىلەن بىللە ئوردىدىكى كېڭە شلەرگە قاتناشتى، ئەمما بىر ھەپتىدىن كېيىن قولى زادى ئىشقا بارمىدى. گەرچە پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى ئۇنىڭ يادىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىغانىدى. ئۇ ھىجاز سەپىرىنىڭ تەييارلىقىنى تېزلەشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ھىراتتىن چىقىپ كەتكىنىگە ئىككى ھەپتە بولا ـ بولمايلا، مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۇمۇ يولغا چىقتى. بىراق تەشۋىشلىك بىر خەۋەر شەھەر دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا چىققان كارۋاننىڭ ئالدىنى توسىدى. ئاتىسىنىڭ ئاستراباات تەرەپكە كەتكەنلىگىنى سەلتەنەت تەختىنى ئىگەللىۋېلىشىنىڭ تازا ئوبدان پۇرستى دەپ بىلگەن شاھزادە بەدىئوززامان مىرزا ھىرا تقا قاراپ قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتقانمىش. لەك ـ لەك نەۋكەرلەرنىڭ خۇراسان ئەھلىنىڭ بېشىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدىن تەشۋىشكە چۈشكەن پېشقەدەم شائىر يەنە ئارقىسىغا قايتتى. مۇبادا پايتەخت بەدىئوززامان مىرزىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالىدىغان بولسا، خەلقنىڭ كۈنىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا شەھەردىن چارشەنبە كۈنى چىقىپ كەتكەن شائىر پەيشەنبە كۈنى يەنە شەھەرگە قايتىپ كىردى.
ئەتىسى جۈمە نامىزىدىن كېيىن، مەسچىدجامەدە ماشايىخ ۋە ئۆلىمالاردىن شەيخ جەلىلىددىن ئەبۇسەئىدنۇراني، شەيخۇلئىسلام سەيفىددىن ئەخمەد تەپتازاني، شەيخ سوپى ئالي، مەۋلانە مۇئەتدىددىن فەراخي، مەۋلانە كامالىددىن كاسفي، خۇجا ئىمامىددىن ئابدۇلئەزىز ئابغەربي، سەئىد ۋە نەقىدلەردىن ئەمىر قىۋامىددىن ھۈسەيىن مازەندەراني، ئەمىر جالالىددىن ئاتائۇللاھ ئەسلي، ئەمىر نىزامىددىن ئابدۇقادىر ۋە ھىرات شەھرىنىڭ بىر مۇنچىلىغان ئەئيانلىرى، ئەشرەپۇ ـ رەئىسلىرى ئەمىر ئەلىشىرنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بۇچاغدا ھىراتنى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئەمىر ۋەلىبەگمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى.
ـ سىزنىڭ پەزىل ـ بەرىكىتىڭىز خۇراسان مۈلكىنىڭ دەخلىسىزلىگىنىڭ سەۋەبى، پۇخرالار خاتىرجەملىكىنىڭ ئاساسدۇر، ـ دەپ يىراقتىن گەپ باشلىدى شەيخۇلئىسلام. ـ بىز ھەممىمىز سىزنىڭ مۇبارەك ھەج سەپىرىڭىزگە پاتىھە بەرگەندۇق. ئاللاھ مۆمىنلەرگە ھەجنى پەرھىز قىلغان. كىمكى بۇنى ئىنكار قىلسا گۇناھى ئۆزىگىدۇر، بەس. «ئاللاھۇ تائالا بارچە ئالەمدىن بىھاجەت»دىيلگەن، بىز بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىمىز. سىزنى يولدىن قالدۇرۇش گۇناھ. ئەمما سىزنىڭ ئازراق سەۋر قىلىشىڭىزنى ئۆزرە بىلەن تىلەيمىز. رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇبارەك ھەدىسلىرىنىڭ بىرىدە«ۋىجداننىڭ ئەمرىگە قۇلاق سال! ئىزگۈلۈك شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدىن قەلبىمۇ، ۋىجدانىمۇ ئارام ئالىدۇ. گۇناھ ئىش شۇكى، ئۇنىڭدىن قەلب تېنچلانمايدۇ، ۋىجدان ئازاپلىنىدۇ. كىشىلەر پەتىۋا بەرسىمۇ سەن ئۆز ۋىجدانىڭدىن پەتىۋاسورا!»دېيىلگەن. سەلتەنەت ۋە پۇخرالارنىڭ

خاتىرجەملىك ھوقۇقى ئۈچۈن ۋىجدانىڭىز دىن مەككە ئارزۇسىنى بىر مەزگىل كېچىكتۈرۈشكە پەتىۋا تىلىشىڭىزنى ئىلتىجا قىلىمىز.

ـ ھەزرەت رىسالەت«ساڭا ئامانەت قىلىنغان نەرسىنى ئىگىسىگە تاپشۇر، ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگە سەن خىيانەت قىلما»دېگەن ئىكەن، ـ دېدى ئەتىگەندىن بېرى شەھەر مۇدا پىئەسى ئۈچۈن بولىۋاتقان تەييارلىق ئىشلىرىغا باش ـ قاش بولۇپ، ۋاقىراپ ـ جاقىراپ يۈرگە نلىكتىن ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغان ئەمىر ۋەلىبەگ، ـ ساھىبقىران سىز تۇرسىڭىز، دارۇلسەلتەنەتنى ماڭا ئامانەت قويۇشتى. سەۋرقىلىڭ، پادىشاھ ھەزرەتلىرى قايتىپ كەلسۇن، ئامانىتىنى ئامان ـ ئېسەن قولىغا تاپشۇرايلى، ئاندىن مۇبارەك يولغا راۋان بولارسىز.

ـ ھازىر ھىرات ساھىبقىراننىڭ ۋۇجۇدىدىن خالىيدۇر، ـ دېدى ئەمىر ۋەلىبەگنىڭ بايىقى گەپلىرىنىڭ ئەمىر ئەلىشىرگە سەل قاتتىق كەتكەنلىگىنى، شائىرنىڭمۇ ناھايىتى نازۇك تەبىئە تلىك كىشى ئىكەنلىگىنى بىلىدىغان مەۋلانە كامالىددىن كاسفىي.

ـ ئەگەر پايتەخت سىزنىڭ پەيزىلىك نۇرىڭىزدىنمۇ مەھرۇم قالسا، شەھەردە پىتنە ـ پاسات، غەليان ـ غوغالار باشلىنىپ، سەلتەنەت تادارۇكى ئىمكانسىز قېلىشى مۇمكىن...

ـ ئۆزىڭىزمۇ پەملىگەنسىز، سەمەرقەند تەختى ئۆزبېك پادىشاھى شايبانىخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپتىمىش. ئەمدى ئۇنىڭ ئامۇ دەرياسىدىن نىيىتى بار دېيىشىدۇ. سىز نىيەت قىلغان مۇبارەك سەپەردە بېسىپ ئۆتىدىغان يوللارمۇ ناھايىتى خەۋپلىك ئىمىش. ئىراقۇ ـ شامدىمۇ، رۇمدىمۇ پەرىشانلىق. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى يۈزىسىدىن بۇنداق ۋاقىتلاردا ھەج ۋاجىپ ئەمەس، ـ شەيخۇلئىسلام «دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟»دېگەندەك شەيخ نۇرانىيغا قارىدى. شەيخ نۇرانىي«شۇنداق»دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇر دى. ـ بىز پېقىرلارنىڭ ئىلتىجاسىغا قۇلاق سېلىڭ، بۇ يىل سەپەر قىلىش نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ.

ـ تېنچلىقى بۇزۇلغان پۇخراغا باش بۇلۇڭ، ـ دېدى ئەمىر قىۋامىددىن مازەندەرانىي، ـ بۇ خەيىرلىك ئىشنىڭ ساۋابىنى يەتمىش قېتىم ھەجگە بارغاندىن ئارتۇق كۆرۈڭ. ئاللاھ، ئۆزلىرى ئېيتقاندەك:

كىمكى بىر كۆڭلى بۇزۇقنىڭ خاتىرىن شاد ئەيلىگەي،

ئانچە باركىم، كەبە ۋەيران بولسا، ئاۋات ئەيلىگەي...

ئەمىر ئەلىشىر ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۆزلىرىنى جىممىدە تۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى، ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى، ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ مەيۈس ئاۋازدا سۆزلىدى.

ـ ھەممىلىرىگە مەلۇمكى، ئۇزاقتىن بېرى مەككىگە بېرىش ئارزۇسىدىمەن. بۇ نىيەت ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرانىي كەبىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن باشلاپ كۆڭلۈمگە تېنچلىق بەرمىدى...

شۇلارنى دەۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزئالدىدا بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىللار ئاۋۋالقى ئۇستازى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ئاشۇ دەملەر قايتىدىن جانلانغاندەك بولدى. شۇ چاغدا ئەمىر ئەلىشىرنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغ ئىدى. يەنى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادىرى دەرۋىش ئەلى پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھۆكۈمدار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق خۇداغا ئامانەت بولۇپ قالغان چاغ ئىدى. شۇچاغدا ئۇنىڭ بۇرادىرى دەرۋىش ئەلى بەلختە ھاكىم ئىدى. ئۇ ئەگەر ئېغىزى كۆيمىسە چوغنىمۇ چاينىماي يۇتىدىغان ۋەزىر مەجىدىدىننىڭ ئەمىر ئەلىشىرگە قىلغان بەدنىيەتلەرچە ھەددى ـ ھەركەتلىرىدىن نارازى بولۇپ، باش كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ئەمما سۇلتان ھۈسەيىن بۇنىڭدىن ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەندى، بۇ غەزەپنىڭ ئۇكىغا قارىغاندا كۆپرەك ئاكىغا قارىتىلغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇشقان ئوردىدىكى بەزى كىشىلەر، يەنى بىرىنچى بولۇپ ۋەزىر مەجىدىدىننىڭ ئۆزى ئوت ئۈستىگە ياغ سەپكەندەك بۆھتانلارنى ياغدۇردى. ئۇلار ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق؛«بۇ خىيانەتتە ئەمىر ئەلىشىرنىڭ قولى بارلىقى ئېنىق، چۈنكى دەرۋىش ئەلى ئاغىسىنىڭ مەسلىھەتىسىز بۇنداق يولغا كىرىشكە پېتىنالمايتتى»دېدى. سۇلتان ھۈسەيىن ئىسيانچى ھاكىمنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ مېڭىشىنىڭ ئالدىدىراق خوجا غىياسىددىننى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن تۆۋە تەلەپ قىلدى. دەرۋىش ئەلى ئاغىسى ئەمىر ئەلىشىر سۆزىگە كىرىپ تۆۋە قىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەرۋىش ئەلىنى باشتا كەچۈرگەن پادىشاھ ئارىدىن ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنى بەلخ شەھرىگە قاماشنى بىرىپ ـ بىرىپ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ئۆزىگە بۇيرىدى. تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان شائىر نەچچە قېتىم نىيەت نىقلىغان بىر ئىشنى، يەنى سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ئېتەك يىغىشتۇرۇپ، دەرۋىشلىك يولىدا پىنھان ياشاش ئويىنى ئۇستازى سېزىپ قالدى ۋە سورىدى:

ـ بىر گەپ ئىشىتتىم، سەۋەبى نېمە ئىرۇر؟

ـ ئىنسان جىنسىنىڭ سۆھبىتىدىن بەزدىم ھەزرەت، سەۋەبى شولدۇر، ـ دېدى ئەمىر ئەلىشىر.

جامى ئۇنىڭغا ئۇيچان كۆزلىرى بىلەن بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە:

ـ سەن كىملەرنى ئىنسان دەپ ئويلىدىڭ، قېنى ئۇلارنى بىزگە كۆرسەتچۇ؟ ـ دېدى.

شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈلگىنى ئۈچۈن ئۇستازىمدىن تەنبىھ ئىشتمەن، دەپ ئويلىغان ئەمىر ئەلىشىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغانىدى. مانا شۇنىڭغا سەككىز يىلدىن ئاشتى، بىراق ئەمدى ئۇستازى ئۇنىڭ يېنىدا يوق، دوستى يوق. مانا بۇ سەككىز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ دىل رىغبىتىنى تىڭشايدىغان ئىنسان يوق... ئۇنىڭ بەزىدە ئەنە شۇنداق سۆزلەۋېتىپ بىردەم ـ بىردەم چوڭقۇر خىياللارغا چۆمۈپ قالىدىغانلىقىغا كۆنۈپ قالغان كىشىلەر داۋاملىق سۈكۈتنى ساقلاپ تۇرۇۋېرىشتى. ئەمىر ئەلىشىر نىڭ بۇ ئادىتىنى ھىراتتىكى ھەممە ئادەم بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ شاگىرتى خاندەمىرنىڭ «ئە مىر بۇنداق دەملەردە بىزنى زېمىندە قالدۇرۇپ، ئاسماندىكىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ »دېگەن سۆزىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى.

ئەمىر ئەلىشىرنى زېمىنگە قايتىپ چۈشكەنلىگىنى سەزگەن كىشىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويىدى. شائىر سۆزىنى كەلگەن جايىدىن داۋاملاشتۇردى:

ـ ھەئە، بۇ نىيەت ھەزرىتى مەخدۇمى نۇران مۇبارەك سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتتىن باشلاپ قەلبىمگە تېنچلىق بەرمىدى. ئەمما ھەر نۆۋەت مۇشۇ مەقسەت تەرەپكە بېرىش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈشكە باشلىسام ساھىبقىران دەخلى بولىدۇ. شۇنداقتىمە مەن ھەر قېتىم بۇ دەخلىدىن رەنجىمەي بوينۇمنى ئەگدىم. بۇ قېتىم پادىشاھ ئۆزى يول پەرمانى بەردى، ئۆزىمىزمۇ سەپەر تەداركى ئۈچۈن ناھايىتى جىق مەبلەغ سەرپ قىلدۇق...شۇنداق بولسىمۇ، «مۆمىنلەرنىڭ قەلبىگە شادلىق بېغىشلاش پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىبادىتىدىن خەيىرلىكتۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، سىزلەردەك ئۇلۇغلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلۇرمىز ۋە پۇخرالارنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن بۇ نۆۋەتمۇ ئۆزىمىزنى بۇ ئىستەكتىن قايتۇرىمىز.

ئەتراپتىكىلەر خۇسەن بولۇشۇپ، دۇئا ۋە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىشقا ئېغىزلىرىنى ئۇچلاشتى. كېيىن كۆپچىلىك پايتەخت مۇداپىئەسىنى قانداق ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، زۆرۈر تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئالدى بىلەن بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىش ماقۇل كۆرۈلدى.

ئەتىسى ئەلچى يولغا سېلىندى. بەدىئۇززامان مىرزا ئەلچىگە: «ئەگەر ئاتىمىز سۇلتان ساھىبقىران بەلخ ۋىلايىتى ۋە ئامۇ دەرياسىدىن مورغاپقىچە بولغان جايلارنى مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتكۈزۈپ بەرسە، نامىمىز خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇلسا، قولىمىزغا قىلىچ ئالمايمىز» ، ـ دېدى. بۇ ئارىدا ناھايىتى تېز يول يۈرگەن سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ دارۇلسەلتەنەتكە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئەمما پادىشاھنىڭ قوشۇنى بەدىئۇززامان مىرزىنىڭ قوشۇنلىرىدىن خېلىلا ئاز ئىدى. ۋۇجۇد ئۈچۈن ساغلام كۆڭۈل زۆرۈر بولغىنىدەك، مۇلۇك(دۆلەت) ئۈچۈن ھەم ساغلام پادىشاھ كېرەك. ئەمما ھۈسەيىن باياقارا بولسا، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ۋۇجۇدىدىكى ئەسلىدىن توق يىلىكنى مەي ئىچىش بىلەن بالدۇرلا قۇرۇتقانىدى. گەرچە ئۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئەمىر ئەلىشىربەگكە«تېخى قىلىچ چېپىشقا يارايمەن»دەپ ماختانغان بولسىمۇ ، ئەمما قېرىلىقنىڭ ھەم دېمى قاتتىق دېگەندەك، ئۆتكەن ۋاقىت بەربىر ئۆز ئىشىنى قىلغان، پادىشاھ ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئۇچقۇر تۇلپارغا مىنىپ جەڭ قىلىشقا يارىمايتتى، شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم ھىراتقىمۇ تەختىراۋاندا كەلگەنىدى. مۇشۇ كۈنگىچە بەدىئۇززامان مىرزا ئۇنىڭغا قارشى نەچچە قېتىم باش كۆتەرگەن بولسا، سۇلتان ھۈسەيىن ھەر قېتىم ئوغلىنىڭ ئەدەپنى ناھايىتى ئوبدان باپلاپ بېرىپ كەلگەن، مانا ئەمدى ئاتىنىڭ قېرىلىقتىكى ئاجىزلىقىنى ئۆزىنىڭ يىگىتلىك كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن دەپ بىلىپ، ھىراتنىڭ دەرۋازىسىغىچە قو شۇن تارتىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلدى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا نە پادىشاھلىق، نە سەركەرد لىك قابىلىيەتكە ئىگە ئەمەس، دەپ قاراپ كەلگەن بۇ تۇنجى ئوغلىنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلچىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مەسلىھىتىگە قۇلاق سېلىپ، بەدىئۇززامان تەلەپ قىلغان ۋىلايەتلەرنى شەرتسىز بۆلۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. سەلتەنەتنىڭ يېرىمىنى دىگۈدەك ئۆز ئىلكىگە ئالغان بەدىئوز زامان مىرزا ئەمدى پادىشاھ ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ نامىمۇ ئاتىسىنىڭ نامى بىلەن بىر قاتاردا خۇتبىدە يادلىنىشقا باشلىدى.

بەدىئوززامان مىرزىنىڭ ئىشى شۇنىڭ بىلەن بىرئاز بېسىققان بولدى. ئەمما كەنجى شاھزادە مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنىڭ غوغاسى تېخى تىنچىتىلمىغانىدى. ئاتىسىنىڭ چوڭ ئوغلىغا قىلغان مەرھەمىتىنى ئاجىرلىق دەپ چۈشەنگەن شاھزادە ئەقلىنى يوقاتقانىدى. ئەملىيەتتە ئالدىنقى قېتىم پادىشاھ پايتەختنىڭ غېمىدە ئۇنىڭ ئىسيانىنى تەلتۆكۈس بېسىقتۇرمايلا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەمما ھازىر ھىراتنى ئۇخۇشلۇق قوغداپ قالغان سۇلتان ھۈسەيىن يەنە ئاستراباتقا قاراپ قوشۇن باشلاپ ماڭدى. كەنجى شاھزادە ئاتىسىنىڭ ناھايىتى قاتتىق

قەھرى ـ غەزەپ بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئاغسى بەدئوززامان مىرزىدىن ئالالمىغان ئەلىمىنىمۇ قوشۇپ ئۆزىدىن بىراقلا ئالماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، يۈرىگىگە قورقۇنۇچ چۈشتى. راست دېگەندەك بىرىنچى قېتىملىق توقۇنۇشۇشتىلا ئەھۋالىنىڭ چاتاق بولىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شاھزادە ئاتىسىنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تۆۋە قىلدى. بۇ سۈلھىينىڭ خەۋرىنى ئاڭلىغان ئەمىر ئەلىشىر خۇددى كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ كەتتى. كاشكى، بۇ بۇمەملىكەتتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىسيان بولۇپ قالسا، شۇنىڭ بىلەن بۇ سەلتەنەت قايتىدىن خاتىرجەملىككە ئېرىشسە. يوللار تىنچ، خەۋپ ـ خەتەرسىز، شەھەرلەر ئاۋات، جاھان توقچىلىق، پۇخرالار ئىناق ـ ئىتتىپاق بولسا...
قېرى شائىر ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرىقى ئارزۇسىنى ئويلىدى. ناھاتكى، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئارما نغا ئايلانسا؟ ئەمدى ئۇ ھەج سەپىرىگە چىقىشقا، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقان تەن سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەككىگە بارىمىز دەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدتىزگىنىنى ئۇنىڭ ئىشىگىگە ئىلگەنلەر، ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇشقا تەييارلىنىپ يۈرۈشكەن پۇخرا ـ يۇ، بىچارىلەرنىڭ ھەج يولىغا كېتەرلىك خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇلارنى يولغا سالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ھىرات شەھرىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققان كارۋان نىشاپۇر يولىغا چۈشۈپ مەغرىپ تەرەپكە كەتتى. كارۋاننىڭ بېشىدا سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئىشەككە مىنىۋالغان خازان لەقەملىك قېرى دەرۋىش شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققاندىن كېيىن، بىردىنلا توختاپ، ئىشەكتىن چۈشۈپ قوللىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئەمىر ئەلىشىر ئۈچۈن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئاقىلىپ، يۈزىنى سىيپاپ ئىشىگىگە مىندى ـ دە، شائىرنىڭ مۇشۇنداق بىر مۇبارەك سەپەرنىڭ ئىشقىدا يازغان بېيىتلىرىنى ئىشتىياق بىلەن پىچىرلىغىنىچە يولغا چۈشتى.

مېنى كىم، بۇ سەۋدا ئىنتىزار ئەيلىدى،
ھەۋەس ئىلكىدە بىقارار ئەيلىدى.

نە ئىمكانكى، تاپقاي قارارۇ سۇكۇن،
بىراۋكى، بۇ پىكىر ئەتكەي ئانى زەبۇن.

ئۇرارمەن قەدەم تاكى بارغۇنچە،
كى، بولغا، مۇيەسسەر ماڭا ئۇشبۇكام.

ئەگەر بولسا بۇ يولدا ئۆمرۈم تەلەف،
چۇ بۇ يولدۇر ئول ھەم ئېرۇر شەرەف.

ۋەگەر بولسام ئۆز نامىمە بەررىمەند،
زىخى مۇلكى جاۋىدۇر بەخت بەلەند...

كارۋاننى ئۇزۇتۇپ چىققان ئەمىر ئەلىشىر شەھەر دەرۋازىسىغا كەلدى ـ يۇ، نېمە ئۈچۈندۇر تۇيۇقسىز ئارقىسىغا قايتتى. شۇتاپتا ئۇ گويا شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپلا كەتسە، ئۆزىنى توختىتالماي يۈگۈرگىنىچە كارۋانغا قوشۇلۇپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا ئونسىيىگە قايتىپ كەلدى ۋە «ۋەقپىيە»نى ۋاراقلاپ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل بايانلىرى يېزىلغان قۇرلارنى شىۋىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. «مانا ئەمدى ھاياتىمباھارىنىڭ گۈلشەنى خازانغا ئايلاندى ۋە بۇ گۈلشەندە ئېچىلغان يىگىتلىك گۈللىرى توزۇشقا باشلىدى. چاچ ـ ساقاللىرىم ئاقاردى، چىرايىم لالىسى سوغۇق نەپەسلەردىن سارغايدى...ئىككى ئارزۇ ـ ئىستىكىمدىن ئۆزگە ھەرقانداق نەرسىگە قاراڭغۇ كۆڭلۈمنىڭ پەردىسىنى ئاچالمىدىم، بۇ ئىككى گۈل غۇنچىسى جېنىمنىڭ گۈلشەنىدە ئېچىلمىدى. ئەمما ئۈمىدىم شولكى ۋە بۇ ئۈمىدىمنىڭ مۇۋىسىدىن مۇرادىم شولكى، بۇ ئىككى مۇراد گۆھىرىنى ئارزۇ ئاسمىنىدا تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەتكەيمەن، بۇ ئارزۇ گۈللىرىنىڭ تىكىنى كۆڭلۈمدە سۇنغاي، بۇ مۇراد گۆھىرىنىڭ يېغىنى يېشىم قەترىسىدەك تۇپراققا تۆككەيمەن...بۇ مەزكۇر بولغان ئىككى ئارزۇنىڭ بىرى مۇبارەك سەپەردۇر«...
مۇشۇ قۇرلارغا كەلگەندە ئۇنىڭ بوغۇزىغا شېغىل قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز نەملەشتى. ئاھ،

ئەمدى بۇ ئارزۇ ئارمانغا ئايلاندى.

ناۋايى، كەئبە زىكرىن قويكى، بىر دەيرى فەنا ئىستەپ،
زاخابنا ۋادىيەل ـ مەقسەد، ۋاجەدنا ماخۇۋەن ـ مەقسۇد...

ئەلەملىك ئويلارغا پاتقان قېرى شائىر شەيخ مۆمىن شىرازىي توغرىسىدا يېزىلغان بىر رىۋايەتنى ئەسلىدى. ئىمشكى، ئىسمايىل دابباس ئىسىملىك بىركىشى ھەج قىلىش نىيىتىدە يولغا چىقىپ، شىرازغا يېتىپ كەپتىمىش. ئۇ بىر مەسچىتكە كىرسە، شەيخ مۆمىن شىرازىي كۆڭلىكىنى ياماپ ئولتۇرغىدەكمىش. ئىسمايىل دابباس ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ھال ـ ئەھۋال سورىغان ئىكەن، شەيخ مۆمىن. «قانداق نىيىتىڭ بار؟»، ـ دەپ سوراپتۇ. ئىسمايىل دابباس «ھەج قىلىش نىيىتىم بار!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
شەيخ مۆمىن ئۇنىڭدىن يەنە سوراپتۇ، «ئاناڭ بارمۇ؟». «ئانام بار» ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسمايىل دابباس. بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان شەيخ مۆمىن شىرازىي قولىدىكى كۆڭلەكنى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ، دەپتۇ«ئاناڭنىڭ ئالدىغا بار، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىل!»، ئەمما شەيخ مۆمىن شىرازى بۇ سۆزنىڭ سۆھبەتدىشىغا تازا ياقمىغانلىقىنى سېزىپ، يەنە شۇنداق دەپتۇ: « سۆزۈم ساڭا ياقمىدىمۇ ئىسمايىل دابباس! مەن بېشىم باشتاق، پۇتۇم يالاڭ ئاياق، بىرمۇ ھەمراسىز يەككە ـ يېگانە ھالدا ئەللىك قېتىم ھەج قىلىپ كەلدىم. مانا شۇ ھەجلىرىمنىڭ ساۋابىنى ساڭا بېرەي، سەن ئاناڭنىڭ كۆڭۈل شادلىقىنى ماڭا بەر«!
ئەمىر ئەلىشىر بۇ رىۋايەتنى ھەر قېتىم يادلىغاندا يۈرىگى ھاياجاندىن قاتتىق دۈپۈلدەپ كېتەتتى، بۈگۈنمۇ ھەم شۇنداق بولدى.«بىچارە ئانام ھايات بولغان بولسا، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كۆڭلىنى بىر خۇشال قىلىۋالغان بولسام ھە؟!»، ـ دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەمما يەنە قانداقتۇر بىر ئوي ئۇنىڭ دىلىنى ۋاللىدە يۈرىتىۋەتتى. «ياق، ياق! مېنىڭ ئانام بار. ئانام ماڭا تىل ۋە دىل ئاتاقىلغان تۈركىي خەلقىمدۇر، كاشكى، شۇ ئۇلۇغ مىللىتىم، شۇ ئۇلۇغ خەلقىمنىڭ دىلىنى شاد قىلالىسام، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلالىسام«...

تۈگىدى

************************

خۇرشىد دەۋراننىڭ 2006 ـ يىلى تاشكەنت «شەرق» نەشرىياتى مەتبەئە شىركىتى نەشر قىلغان «بىببىخانىم قىسسىسى»ناملىق ئۆزبېكچە كىتاپتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار
2011 ـ يىل 13 ـ يانۋار

## نەۋايى ھەزرىتىم •

## غازى ئەھمەد

**چارچىماس تۇلپار ئىكەنسەن، يا نەۋايى ھەزرىتىم،**

**دائىما پەرۋازدىكەنسەن، يا نەۋايى ھەزرىتىم.**

**زەر قەلەمنى قولغا ئالساڭ يوق ئىكەن ھېچ تەڭدىشىڭ،**

شۆھرىتىڭ ئالەمگە مەشھۇر يا ناۋائى ھەزرىتىم.

ساپ، سەممىي ھەقنى سۆزلەپ مەرىپەتنىڭ يولىدا،

ئاتىدىڭ بارۇ-يوقۇڭنى، يا نەۋايى ھەزرىتىم.

ئەلنى بىدار ئەيلىدىڭكىم ئادىمىيلىك ئاڭ بىلەن،

چىن مۇھەببەت ئوتىنى ياقتىڭ نەۋايى ھەزرىتىم.

مەيلى ئۇيغۇر، مەيلى ئۆزبەك دەيدۇ: «ئۇستاز شائىرىم«،

قانچە شائىر ئالدى ئەنداز، يا نەۋايى ھەزرىتىم.

جامىي ئەردى غەمگۇزارىڭ، شاگىرتلىرىڭنىڭ سانى يوق،

شائىرلارنىڭ باشپاناھى يا نەۋايى ھەزرىتىم.

تون كىيىپ چىقساڭ تالاغا نۇر ياغاتتى ھەر تامان،

قىلدى ئۆرنەك توننى ئەللەر يا نەۋايى ھەزرىتىم،

زەپ ياراشقان قامىتىڭگە سەللە، زەرتون پار بولۇپ،

چاقنىدى نۇر كۆزلىرىڭدىن، يا نەۋايى ھەزرىتىم.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەشئارلىرىڭدىن تاپتى جان،

جان ياشارتقان مەنىۋى دەريا نەۋايى ھەزرىتىم.

قانچە ھۆر-پەرىنى دەرد-ھەسرەتتە قويدۇڭ نەزم بىلەن،

لىرىكاڭ ئاتەش كەبى يانار نەۋايى ھەزرىتىم.

شادىمان ئەيلەپ ئاۋامنى مېھرىبان بولدۇڭ ھامان،

خەير-ئېھسان بابىدا يەكتا نەۋايى ھەزرىتىم.

تەن مادارىسىز، قولدا ھاساڭ، ھاسىلىڭ زور تاغ ئىدى،

قالمىدى سەن يازمىغان داستان نەۋايى ھەزرىتىم.

كاتتا شائىر، ھەمدە خەتتات، گاھى رەسسام نام بىلەن،

ياشىدىڭ ئاتمىش بىلەن تەنھا نەۋايى ھەزرىتىم.

يادلىغان ئۆسمۈر چېغىمدا زوق بىلەن نەزمەڭنى مەن،

چوقۇنۇپ دەرۋىش كەبى ساڭا نەۋايى ھەزرىتىم.

ئىككى كەم سەكسەندە غازى كۆز غۇۋا، قول گال ئىدى،

قىلدى بەرپا قامىتىڭ دانا نەۋايى ھەزرىتىم.

بۇ شېئىرنى «ماكانىم مۇنبىرى»گە «ئىنكار» يوللىغان

مەنبە: http://bbs.makanim.cn/read.php?tid=14293

**********************




# نەۋايى ئەنگۈشتەرى

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

ئەلشىر نەۋايى دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى. بۇ يىل ئۇنىڭ تۇغۇلغىنىغا 570 يىل بولدى.

»نەۋايى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئىنتايىن يۈكسەك ۋە پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان شانلىق نامايەندە» (تېيىپجان ئېلىيېۇف). ئەلشىر نەۋايىنىڭ قىسقىغىنا ئاتمىش يىللىق ئۆمرىدە ياراتقان مۆجىزە خاراكتېرلىك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن يۈكسەك ئورۇن ئېلىپ، ئۆزى ئۆمۈر بويى سەممىي، سادىقلىق بىلەن ئۇلۇغلىغان ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەتىۋارلايدىغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى، خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرى بولۇپ قەدىرلىنىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە ئەلشىر نەۋايىغا تەرىپ بېرىلىپ، «بۇ زاتنىڭ تەخەللۇسى نەۋايىدۇر. تۈركىي شېئىرنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭدەك راۋان، گۈزەل، مەزمۇنغا باي ۋە ئۇنىڭچىلىك ھەددى-ھېسابسىز كۆپ نەزىم ئۇسلۇبىغا كەلتۈرمەپتۇ. ئۇ زات بۇ پەنگە ئۇستازدۇر. ئۇنىڭ تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلىرى ھەزرىتى مەۋلانە جامىنىڭ پارىسىي شېئىرلىرىغا ئوخشاشلا زور شۆھرەتكە ئىگەدۇر» دېيىلگەن. («تارىخىي رەشىدى» 2-توم 430-بەت(

ئەلشىر نەۋايى 15-16 ياش ۋاقىتلىرىدا مەشھەدتە «زۇللىسانەيىن»(ئىككى تىل ئىگىسى) دەپ ئاتالغان ۋە مەشھەد، ھېرات، ئاسترابات ۋە باشقا شەھەرلەردىكى نازىملار ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئالاھىدە شۆھرەت قازىنىشقا باشلىغان. ئۇ زامانىنىڭ كاتتا شائىر، ئۆلىمالىرى ياش نەۋايىنىڭ ئاجايىپ ئىستېداتىغا قول قويۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە بۆسۈپ ئىلگىرىلەپ يېڭى سەۋىيە يارىتىش روھى، ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىش جۈرئىتى ۋە

كارامىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن.

بىزگە مەلۇمكى، ئەبەيدۇللا لۇتفى 15-ئەسىردە ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 99 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. لۇتفى 1411-يىلى يازغان «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانى ۋە «دىۋانى لۇتفى» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن شۇ زامانىدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مۆتىۋەر ئورۇندا تۇرغان. نەۋايى«مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە لۇتفىنى «مەلىكۇل كەلام»(سۆز پادىشاھى) دەپ ئاتاپ، مۇنداق تەرىپلىگەن:«ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ناتىقلىرىدىن بولۇپ، پارس ۋە تۈركىي تىلىدا تەڭداشسىز ئىدى. لېكىن يەنىلا تۈركىي تىلىدا شۆھرىتى كۆپرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركچە دىۋانى مەشھۇردۇر». نەۋايى يەنە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدە ئۇستازى لۇتفىنى ئۇلۇغ پارس شائىرلىرىدىن سەئىدىي ۋە ھاپىز شىرازىيلار بىلەن بىر قاتاردا قويغان. دېمەك ئۇ ناھايىتى كاتتا شائىر ھېسابلىناتتى. تارىخچى خاندەمىر ئۆزىنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق»(گۈزەل ئەخلاق) ناملىق ئەسىرىدە «ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىقى، گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيادا بىر سانالغان لۇتفى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈركىي تىلىدا بىرەر كىشى ئۇنىڭدىن ياخشىراق شېئىر ئېيتالمىغان» دەپ، لۇتفىنى دۇنيادا يېگانە شائىر ھېسابلىغان. نەۋايى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە تونۇلۇشقا باشلىغاندا، لۇتفى ياشىنىپ قالغان بولۇپ،ئۇ ياش نەۋايىنىڭ دەسلەپكى ئىستىداتىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا بارىكاللا ئوقۇغان، غەزەللىرىنى بىباھا گۆھەر ھېسابلىغان. بۇ ھەقتە خاندەمىرنىڭ «مەكارىمۇل ئەخلاق» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق ھېكايە قىلىنىدۇ:

»بىر كۈنى ياش ئەلىشىر نەۋايى لۇتپى ھوزۇرىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يازغان غەزەللىرىدىن بىرىنى پېشقەدەم شائىرغا ئوقۇپ بەردى. بۇ غەزەل مۇنداق باشلىناتتى:

ئارەزىن ياپقاچ كۆزۈمدىن تۆكۈلەر ھەر لەھزە ياش،

بۆيلە كىم پەيدا بولۇر يۇلتۇز، نىھان بولغاچ قۇياش«.

)جامالىنى توسقاندا كۆزۈمدىن ياشلىرىم توختىماي تۆكۈلىدۇ، گويا قۇياش يوشۇرۇنغاندا يۇلتۇزلار پەيدا بولغاندەك(

پېشقەدەم شائىر بۇ غەزەلنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئۇ ئەلىشىر نەۋايىغا ۋە باشقا سۆھبەتداشلىرىغا قاراپ> :ئاللاھ نامىدا قەسەمياد قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئۆزۈم يازغان تۈركىي ۋە پارس تىلىدىكى ئون ئىككى مىڭ مىسرالىق شېئىرىمنى شۇ غەزەلگە جان دەپ تېگىشكەن ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئۇتتۇۋالغان ھېسابلىغان بولاتتىم <دېدى.»(ئەزىز قەييۇموف «ئەلىشىر نەۋايى - ئاجايىپ كىشلەر ھاياتى»دىن). بۈيۈك زات لۇتفى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت مېۋىسىدىن ئەمدىلا قولىغا قەلەم ئالغان ياش ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بىر غەزىلىنى ئۈستۈن بىلىپ، نەۋايىغا تەھسىن ئەيلىگەن. بۇ نېمە دېگەن ئالىيجانابلىق! لۇتفىنىڭ نەۋايى ئىجادىيىتىگە

بەرگەن بۇ يۈكسەك باھاسى ئەينى زاماندىكى بىلىم ئەھلىلىرى ۋە شائىرلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان.
سەيئىد ھەسەن ئەردەشىر ئۆز زامانىسىدىكى كاتتا ئۆلىما بولۇپ، ئەرەب تىلى، ئىلمىي مەنتىق(لوگىكا)، شەرئەت قانۇنشۇناسلىقى، ئاسترونومىيە ۋە شېئىرىيەت ئىلمى قاتارلىقلاردا كامالەتكە يەتكەن كىشى ئىكەن. لېكىن ئۇ يىغىلىش ۋە سورۇنلاردا ئاز گەپ قىلىدىغان كەم سۆز كىشى بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىلىم توغرىسىدىكى گەپلىرىگە ئالدىراپ ئىپادە بىلدۈرمەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئىلمىيلىكى ۋە ئالىيجاناپلىقى بىلەن جامائەتچىلىك ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىكەن. بىر كۈنى سەيئىد ھەسەن ئەردەشىر شائىرلارنىڭ سۆھبىتىدە نەۋايىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ھاياجان بىلەن ئوقۇپتۇ:

پۇرقەتىڭدىن زەپىران ئۆزرە تۆكەرمەن لالىلەر،
لالىلەر ئەرمەسكى، باغرىمدىن ئېرۇر پەرگالىلەر.
)سەندىن ئايرىلىپ سارغايغان يۈزۈمگە لالىلەر تۆكىمەن، لالىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇ باغرىمدىن ئۈزۈلگەن قانلىق پارچىلەردۇر(.

سەيد ھەسەن ئەردەشىر بۇ مىسرالارنى ئوقۇپ نەۋايىنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغاندىن كېيىن، يەنە زوق بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئول پەرىۋەشكىم، بولۇپ مەن زارۇ سەرگەردان ئاڭا،
ئىشقىدىن ئالەم ماڭا ھەيرانۇ، مەن ھەيران ئاڭا.

سورۇندىكىلەر ئادەتتە كەم سۆز بۇ زاتنىڭ شېئىرنى شۇ قەدەر زوق-ئىشتىياق بىلەن سۆيۈنۈپ ئوقۇغىنىغا ئىنتايىن ھەۋەسلەنگەن ۋە ھەيران قېلىشقان.
لۇتفىغا ئوخشاش، سەيئىد ھەسەن ئەردەشىرمۇ ياش شائىر نەۋايىنىڭ يۈكسەك ئىستىداتىغا قول قويغان ۋە ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، زور ئۈمىد بىلەن «سىزنىڭ ئاساسىي ئىشىڭىز شېئىر يېزىش، شېئىرىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈش بولسۇن» دېگەن.
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ئۇنىڭ كىشىلەرگە يېقىپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئالقىشلانغانلىقىنىڭ مۇھىم ئالامىتى. نەۋايىنىڭ تۈركىي ۋە پارس تىللىرىدا يازغان غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي، قىتئە، ساقىنامە ۋە تۇيۇقلىرى ئەل ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. مۇغەننىلەر(چالغۇچىلار) نەۋايى غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سالغان، ھاپىزلار سۆيۈپ ئېيتقان. بۇ غەزەللەر ئەل-جامائەت ئىچىدە ناخشا قىلىنىپ،

ئېغىزدىن چۈشمىگەن. ئىلىم ئەھلىلىرى مەدرىسلەردە، مۇشائىرە ۋە شېئىرىي سۆھبەت، مۇھاكىملەردە ئوقۇۋشقان ۋە ھەربىر مىسراسى ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە، مۇنازىرە قىلىشقان.

نەۋايىنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئۇستازى، مەشھۇر مۇدەررىس خوجا جالالىددىن پەزلۇللا ئەبۇلەيس نەۋايى ئۆز قولىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا بۇ زېرەك شاگىرتنىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىشتىكى ئاجايىپ تىرىشچانلىقىغا، ئۆگىنىش روھىنىڭ ۋە غەيرىتىنىڭ ئۈستۈنلىكىگە قايىل بولغان ۋە سۆيۈنگەن. نەۋايىنىڭ مەدرىستىكى ئىخلاسمەن ساۋاقدىشى ھەم ياتاقدىشى يۈسۈپ ھۆجرىسىدا نەۋايى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ:

-مۇدەررىس ھەزرەتلىرىنىڭ سىزگە بولغان ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۆتكەن كۈنى بىر توپ شائىر بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئۇ كىشى سىزنى ھەممىسگە ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتتى. «ئىلىم تەھسىل قىلىشتا مۇھەممەد ئەلىشىردەك بولماق زۆرۈر»،- دېدى دوستى نەۋايى ئۇچۇن بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ، - ئۇ زاتنىڭ سىزگە مۇنچىۋالا كۆيۈنۈپ ئىلتىپات قىلىشى زور بەخت-سائادەتتۇر.

ياردىن ھېچكىم مېنىڭدەك زارۇ مەھجۇر ئولمەسۇن،
جۇملەئي ئالەمدە رەسۋالىقتا مەشھۇر ئولمەسۇن.
مەن بولاي ئاۋارە تا ئىشقىمدىن ئەيلەپ گۈپتۈگۈي،
ئاتى ئانىڭ ھەر كىشى ئاغزىدا مەزكۇر ئولمەسۇن.
..........
يار ۋەسلىغە قۇۋاندىم، قۇۋدى كويىدىن مېنى،
ئەي نەۋايى، ھېچ كىشى دەۋلەتكە مەغرۇر ئولمەسۇن.

ئەھمەد ھاجى دېگەن بەگنىڭ ھويلىسىغا ئۇنىڭ يېقىنلىرى، شائىرلار، ھاپىزلار، سازەندىلەر يىغىلغان كاتتا بىر سورۇندا قىزغىن سۆھبەت ۋە مۇشائىرىدىن كېيىن، بىر ھاپىز يېقىملىق ئاۋازى بىلەن نەۋايىنىڭ يۇقىرىقى غەزىلىنى يېڭى ئىشلەنگەن ئاھاڭ بىلەن ئوقۇغان. شۇ سورۇندىكى شائىر ۋاپائىي بۇنى ئاڭلاپ نەۋايىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، ئۇنى قايىللىق بىلەن ماختاپ:

-تۈركىي گۇي شائىرلارنىڭ سۆز پادىشاھى نەۋايى بۇ شېئىرنى ئالىي مۇقامغا يەتكۈزۈپتۇ،-دېگەن ۋە قانائەتلەنمەي ھاپىزنىڭ نەۋايى شېئىرلىرىدىن يەنە بىرنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھاپىز تەمبۇر ئېلىپ، مۇنۇ غەزەلنى ئوقۇغان.

كۆرگەلى ھۆسنۇڭنى زارۇ مۇپتىلا بولدۇم ساڭا،

نى بالالىغ كۆڭۈن ئىدىكىم ئاشنا بولدۇم ساڭا .

ھەر نىچە دېدىمكى كۆڭ-كۆڭدىن ئۆزەي سەندىن كۆڭۈل،

ۋەھكى، كۆڭ -كۆڭدىن بەتەرراق مۇپتىلا بولدۇم ساڭا.

ئابدۇراھمان جامى (1414-1492) نەۋايى ياشىغان دەۋردىكى ئەڭ شۆھرەتلىك شائىر ۋە ئالىم. «تارىخى رەشىدى»دە «جامى خۇراسان ئەۋلىيالىرىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. ئالىملار ۋە شائىرلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسىمۇ ھەزرىتى مەۋلانە جامى ئىدى» دېيىلگەن. ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغاندا جامى يىگىرمە يەتتە ياشلىق يىگىت ئىدى. نەۋايى شائىر سۈپىتىدە تونۇلۇپ، جامىنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولغاندا، جامى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى بولۇپ، تونۇلغان ئاقساقال ئىدى. نەۋايى جامىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، ھۆرمەتلىك ئۇستازى، پىكىرداش مەسلىھەتچىسى دەپ بىلگەن. جامىنى تەرىپلەپ كۆپ شېئىر يازغان. نەۋايى «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە جامى توغرىلىق مۇنداق يازغان: «مەۋلانا ئابدۇراھمان جامى مەۋجۇد ئىكەن، ئۇنىڭ نۇرلۇق خاتىرىلىرىنىڭ نەتىجىسى جاھان ئەھلىدىن پىنھان تۇتۇلمىسۇن، كۆڭ ئايلىنىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇچۇق، ياخشى كۆڭلىنىڭ شەپقىتى دەۋران خالايىقلىرىدىن ئايرىلمىسۇن.«

»سەن ئۇنى ئالەم ئەھلىنىڭ جېنى قىلىپ ياراتتىڭ، ئالەم ئېلىگە بۇ جاننى ھەمىشە نىسىپ ئەتكىل» دەپ تەرىپلىگەن.

ئابدۇراھمان جامى بىلەن نەۋايى بىر-بىرىنى كۆچلۈك قوللىغان ۋە ئىلھاملاندۇرغان. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، جامى نەۋايىنى «خەمسە» يېزىشقا ئىلھاملاندۇرغان. بىر كۈنى سۆھبەتتە جامى نەۋايىغا زور ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ بىلەن:

-تۈركىي تىلدا «خەمسە» يېزىش ئەمدى سىزگە پەرز ھەم قەرز بولۇپ قالدى-دېگەن. نەۋايى ئىلھاملىنىپ، ھاياجان بىلەن:

-نىزامىي، خىسراۋ مېنى قوللىسا، سىز مەدەتكار بولسىڭىز، بۇ ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنداشقا تىرىشىمەن،-دېگەن. جامى سۆھبەتتە نەۋايىغا «خەمسە» يېزىشنىڭ ھەققىي پۇرستى كەلگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتكەن. نەۋايى نەتىجىدە ئۆز ئالىي تىلەكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش پۇرستى يېتىپ كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، 1483-يىلى «خەمسە»نى يېزىشقا كىرىشىپ، شۇ يىلىلا ئۇنىڭ بىرىنجى كىتابى بولغان «ھەيراتۇل ئەبرار»نى يېزىپ تۈگەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» «سەبئەئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر» داستانلىرىنى يازغان. 50 مىڭ مىسرالىق «خەمسە»نەۋايى ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئابىدىسى ۋە تەڭداشسىز بەدىئىي مۆۋەپپەقىيىتى. نەۋايى بۇ ئارقىلىق 15-ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتىدا بىر مۆجىزە يارىتىپ، 12-ئەسىردە تۇنجى بولۇپ

«خەمسە»نى ئىجاد قىلغان ئەزەربەيجان شائىرى نىزام گەنجەۋى، خىسراۋ دېھلىۋى (1253-1325)، تاجىك شائىرى ئابدۇراھمان جامىدىن كېيىنكى «خەمسە»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجاد قىلىپ، شەرق ئەدەبىياتىدىكى تۆت «خەمسە» پىرىنىڭ بىرى بولدى. بولۇپمۇ ئۆز ئانا تىلى بولغان تۈركىي تىلدا ئالەمشۇمۇل ئەسەر «خەمسە»نى تۇنجى بولۇپ ياراتقان يىگانە نامايەندە بولدى. مەلۇمكى، «خەمسە»چىلىك شۇ چاغدىكى ئەدەبىي مۇھىتتا شائىرلارنىڭ شائىرنى سىنايدىغان قىيىن ئۆتكەل، چىقىش مۇمكىن بولمايدىغان يۈكسەك چوققا، يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق نىشان ھېسابلانغان. نەۋايى قانداق قىلىپ بۇ يۈكسەك چوققىغا چىقالىدى؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدا مۇھىم رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرى شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراساندا بارلىققا كەلگەن ئەۋزەل مەنىۋى مۇھىت بولسا، تېخىمۇ مۇھىمى نەۋايىنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ماختاش، ئالقىش سادالىرى ۋە شان-شەرەپ داغدۇغىلىرى ئىچىدە قانائەتكە ئەسىر بولۇپ توختاپ قالماي ياكى مەغرۇرلىنىپ، كۆرەڭلەپ كەتمەي، تېنىمسىز ئىزدىنىپ، ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىپ كامالەتكە يەتكۈزۈش، پەللىمۇ پەللە، بالداقمۇ بالداق ئۆرلەپ ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىپ، ئۆزىگە خاس يىگانە يۈكسەكلىك يارىتىشقا ئىنتىلىش روھى.

نەۋايى ياش ۋاقتىدىلا ئىككى تىلنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، «نەۋايى»، «پانىي» دېگەن تەخەللۇس بىلەن تۈركىي ۋە پارس تىلدا مۇكەممەل، بىمالال ئىجادىيەت قىلالايدىغان كامالەتكە يەتكەندىن تاشقىرى، «ئەرەبىي» دېگەن نام بىلەن ئەرەب تىلىدىمۇ 40 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي يازغان. 28 يېشىدىلا ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق شائىرى، ئالىمى بولۇپ تونۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇراسان ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىلغار ئىدىيەنىڭ بايراقدارى بولغان. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى تەشنالىق بىلەن تېنىمسىز قوبۇل قىلىپ، تەپەككۇر جۇغلانمىسىنى ئۆزلۈكسىز تولۇقلىغان ۋە بېيىتقان. شۇڭا ئۇ ئىجادىيەت مەيدانىدا رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولۇۋاتقان شۇ زامان شارائىتىدا ئىجاتكارلار سېپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، نى نى ئاقساقاللار، پىشقەدەم ئۇستازلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ سەركە بولالىدى. مانا بۇ روھ نەۋايىنىڭ بىزگە قالدۇرغان بىباھا ئەنگۈشتىرى.

نوبىل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى ھېمىڭۋاي «ياخشى يازغۇچىدا پىشقەدەم يازغۇچىلار بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشالايدىغان جۈرئەت بولۇشى كېرەك» دېگەن. نەۋايى مانا بۇنىڭ نەمۇنىسى. بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە نەۋايىدىن كېيىن ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنى پىر-ئۇستازى بىلىپ، ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئۇنى پارلاق ئۈلگە قىلىپ كەلدى. بىز ھازىر يەن-تېخنىكا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان، ئىجادىيەت گۈللەپ ياشناۋاتقان ئەۋزەل شارائىتتا ياشاۋاتىمىز. نەۋايىنىڭ ئالدىنقىلاردىن ئېشىپ كېتىپ، ئۆزىگە خاس ئىجادىي يۈكسەكلىك يارىتىشقا ئىنتىلىش روھى بىزگە كۈچلۈك مەدەتكار. بىز نەۋايى ئەنگۈشتەرىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ئىجادىيەت مەنزىلىدە يېڭى يۈكسەكلىك

يارىتىشقا تېرىششىمىز لازىم. ئەۋلادلارنىڭ ئارغىماقلىرى ئەجدادلار ئۆتكەن ياكى ئۆتەلمىگەن نى-نى داۋانلارنى پەستە قالدۇرۇپ ئىلگىرىلىگۈسى.

## تەسراتىم •

## لۇتپۇللا مۇتەللىپ

ئوقۇپ ئەشئارلىرىنى غەرق مەست بولۇپ،
تەسراتىم چىنىسىگە تەسرات تولۇپ.

كۆزۈم بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالدۇ،
ۋۇجۇدۇم خىيال بەھرىگە پېتىپ قالدۇ.

يېپىپ كىتابنى ئۆزۈمگە سۇئال بېرىمەن،
نەۋايى قانداق بىر ئۇلۇغ ئادەمدۇر؟» دەيمەن»

قېنى شۇ نەۋايى؟ قېنى بىر كۆرسەم؟
مۇبارەك قوللىرىدىن ئۇنى بىر سۆيسەم.

قاراپ تۇرسام «خەمسە»نى يازغاندا،
قاراپ تۇرسام قەلەمدە گۆھەر قازغاندا.

قاراپ تۇرسام پەرھادقا رەسىم سىزغاندا،
قاراپ تۇرسام شېرىنگە گۈللەر تىزغاندا.

**قاراپ تۇرسام بەھرامنىڭ قىياپىتىگە،**

**قاراپ تۇرسام گۈلەندەمنىڭ لاتاپىتىگە.**

**قوي شائىر! سۆزلىمە جۆيلۈپ يوققا،**

**نەۋايى كۆمۈلگەن ئەمەس تۇپراققا**

**...**

**ئۇنىڭ مازارىنى ھەربىر ۋاراقتىن ئىزدە،**

**گۈمبەز قەبرىسىنى ھەر مىسرادىن ئىزدە.**

**ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن،**

**ئۇ ھەر مىسرا تۈۋىگە كۆمۈلگەن.**

*************************

**1944- يىلى 7-ئايدا ئاقسۇدا يېزىلغان**

## « سەددى ئىسكەندەر » داستانىنىڭ باش قەھرىمانى كىم؟

### دەمىن جۇمەقۇل (ئۆزبېكىستان)

ھەزرىتى نەۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ پىرتوتىپى ئەسلىدە بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزدىن بىرى بولماسمۇ؟ دېگەن پىكىر كۆپچىلىكنى قىزىقتۇرسا كېرەك. چۈنكى، ھەربىر ئەسىردە مىللىيلىك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، تۈركىيلەر شەننىي يۈكسەلدۈرۈشتەك ئالىجاناپ مەقسەت يولىدا پۈتۈن ئۆمرىنى سەرىپ قىلغان بۈيۈك شائىر«خەمسە»دەك يىرىك ئەسىردە ئۆز مەقسىتىنى تېخىمۇ كەڭراق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلگەن بولىشى

تەبىئىي .

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانىنىڭ كىملىگىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، بىزنىڭچە، ئەسەرگە ئاددىي كىتاپخان، بەدىئىي ئەدەبىيات شەيداسى سۈپىتىدە قاراش يېتەرلىك ئەمەس. داستانىنى قەلبى ئويغاق ئىنسان نىگاھى بىلەن نەۋايى ياشىغان دەۋر تارىخىنى تېرەن تەھلىل قىلىغان ھالدا تەتقىق قىلىش كېرەك. مەلۇمكى، ئەلىشىر نەۋايى دەۋرىدە ئىلمىي ئەدەبىياتلار ئاساسەن ئەرەپ تىلىدا، بەدىئىي ئەدەبىيات بولسا پارس تىلىدا يېزىلاتتى. بۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئەنئەنە بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر تىللارنىڭ نوپۇزى يۇقۇرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارسلار«شاھنامەخانلىق»، «خەمسەخانلىق» قىلىشاتتى ۋە پارسچە ئەنە شۇنداق كىلاسسىك ئەسەرلەرنى يازغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. يەنە بەزى ئۇردا شائىرلىرى بولسا، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تۈركىي تىلنى كەمسىتەتتى. ئەنە شۇنداق ئەھۋالدا نەۋايىدەك شائىرنىڭ قاراپ تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟

ھەزرىتى نەۋايى مىللەتنىڭ شەنى ئۈچۈن مەرىپەت ئارقىلىق كۈرەش قىلدى. «تۈت دىۋان»دىن تەشكىل تاپقان غەزەللىرىنى يېزىپ، تۈركىي تىلنىڭ ناھايىتى باي ۋە جەزبىدار بىر تىل ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ يەنە بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي «مۇھاكىمەتۇل لوغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ، بۇ ئەسىرىدە تۈرك ۋە پارس تىللىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلدىكى ھەربىر سۆزنىڭ ئونلاپ مەنالارنى ئېپادىلەيدىغانلىقىنى، پارس تىلىنىڭ بولسا بۇنداق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك، بۇ مەملىكەتنى «يەك قەلەم» ئەيلىگەن شائىرنىڭ يېشى ئۇلغىيىپ، يېتەرلىك بىلىم ۋە تەجرىبە توپلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەڭ يىرىك ئەسىرى «خەمسە»نى يېزىشقا كىرىشتى .

بىز بۇ يەردە «خەمسە»دىكى باشقا داستانلار ئۈستىدە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز. پەقەت «سەددى ئىسكەندەر» داستانى ۋە ئۇنىڭ باش قەھرىمانىنىڭ كىملىگى ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز .

دېمەك، تەسراتلارنىڭ دەسلەپكىسى شۇ بولدىكى، ئەسەر باش قەھرىمانى ئىسكەندەر بىزگە تارىختىن مەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان ئالېكساندىر ماكدونىگە ئەسلا ئوخشىمايدۇ. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «قۇرئان كەرىم»دە زىكرى قىلىنغان زۇلقەرنەيىن ئەكبەر بىلەن ئالېكساندىر ماكدونى باشقا ـ باشقا كىشىلەردۇر. ماكدونىيىلىك ئىسكەندەر ئاللاھنىڭ يېگانىلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەن مۆمىن مۇسۇلمان ئەمەس. يەجۇجى ـ مەجۇجىلاردىن مۇداپىئە كۆرىدىغان سېپىلنى ياسىغان زۇلقەرنەيىن بولسا، مۆمىن ئادەمدۇر. «سېپىل»(قوغدىنىش تېمى، قوغدىنىش دىۋارى)نى ماكدونىيىلىك ئالېكساندىر ياسىغان بولسا، ئۇنى قەدىمشۇناس ئالىملار ئاللىقاچان بايقىغان بولاتتى .

ئالىملارنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغان مەسىلە شۇكى، ئالېكساندىر ماكدونى بىلەن «قۇرئان كەرىم»دە زىكرى قىلىنغان زۇلقەرنەيىن ئوبرازى قايسى دەۋردە بىرلىشىپ كەتكەن؟

ئېنىقراقى، زۇلقەرنەيىنگە ئىسكەندەر ياكى ئىسكەندەرگە زۇلقەرنەيىن ئېتى قاچان، قايسى خەلققە مەنسۇپ ئالىم ياكى شائىر تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلۈۋېتىلدى؟

بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە، داستاندىكى ئوبرازلار ھەققى تارىخي شەخسلەردۇر. جۈملىدىن، ئارىستىپ ـ ئارىستوتىل، ئالىكساندىر–ئىسكەندەر. شائىر ئەسىردە ئۇلارنى ئۇلۇغلىمىغان، بەلكى ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەمسەچىلەرگە ئوخشاش ئۇلارنى ۋاستە قىلىپ ئىدىئال ئوبراز ياراتقان .

بىزنىڭ پىكرىمىزچە، نەۋايى سەلەفلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، داستاندىكى ئېدىئال شاھ ئوبرازىنى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، ساماۋىي خىياللىرىدىن ياراتمىغان. ئۇنى ھەقىقى رىئاللىقتىن تاپقان. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە داستان ۋەقەلىرىنى رىئاللاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلغان .

لېكىن ياخشىسى بۇنداق پىكرنىڭ ئويغۇنىشىغا تۈرتكە بولغان مىسرالارغا مۇراجەت قىلىش لازىم. ئەسەرنىڭ **19** ـ باپىنىڭ باش قىسمى مۇنداق سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ؛ «ئىسكەندەرنىڭ سەلتەنەت تاجىدىن سەرگىشتىلىك چىقىپ(سەلتەنەت دائىرىسىدە زىددىيەتلەر پەيدا بولۇپ) خىلاپەت تەختىدىن ئاياق تارتقىنى ۋە رۇم ئەھلىنىڭ باشلىرىنى ئايىغى ئاستىغا قويۇپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ تەخت پايىسىنى ئېگىز قىلىپ، تاجى تەقدىرىنى مۇقىم قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئادالەت ئەينىكىنىڭ قۇياشى بىلەن زۇلۇم شامىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈپ جاھاننى يورۇتقىنى ۋە زۇلۇم ئەھلىنىڭ زۇلمەتتەك ئالەم يۈزىگە چىراق تۇتقىنى« .

تارىخي مەنبەلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، فىلىپ ئىككىنچى(فەيلەقۇس) داستاندا تەسۋىرلەنگىنىدەك، ئىران شاھىغا باج تۆلەپ تۇرغۇچى ۋاسسال دۆلەت رەھبىرى ئەمەس، ئەكسىچە، بۈيۈك ئىمپېرىيىچىلىك ۋەسۋەسىسىگە چۈشكەن تاجاۋۇزچى ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇ مىلادىيىدىن ئاۋالقى **359** ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئاۋالقى **338**–يىلىغىچە بالقان يېرىم ئارىلى ئەتراپىدىكى فاكىدا، فىسسەلىيە، خەلكىدىكا، فىراكىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دۆلەتلەرنى تاجاۋۇزچىلىق يولى بىلەن ماكدونىيىگە قوشۇۋالغان. **338** ـ يىلى خېرنىيە ئەتراپىدا يۇناننىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، پۈتۈن يۇناننى ماكدونىيىگە بويسۇندۇرغان. ئۇ ئىرانغا ھۇجۇم باشلاشقا تەييارلىنىۋاتقاندا قىزىنىڭ توي كۈنىدە ئۆلتۈرۈلگە .

بۇ مىسالدىن شۇنەرسە ئايان بولىدۇكى، «سەددى ئىسكەندەر»دىكى فەيلاقۇس بىلەن تارىخي شەخس فىلىپ ئىككىنچى ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق ئوخشاشلىق يوق. ئەكسىچە، بۇ ئىككىسى تامامەن باشقا ـ باشقا ئادەملەر. شۇنىڭدەك ئەينى مەسىلىگە تارىخنى كۈچ بىلەن ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى تەقەززا قىلىۋاتقان ئالاھىدە بىر پەيتتە ئالىكساندىرنىڭ تەختكە چىقىشتىن باش تارتىپ، تەمەننا قىلىشى مەنتىقىگە توغرا كەلمەيدۇ. بىراق، بىردەملىك خاتىرجەملىكنىڭ ئۇنى بېشىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقىنىڭ ھېچ گەپ ئەمەسلىكىگە سىياسەتتىن يىراق ھەرقانداق ئادەمنىڭمۇ ئەقلى يەتمەيدۇ. دېمەك، كەمتەرلىك، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، ئادالەتپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى بۇ باپ ئالىكساندىر ماكدونى ھەققىدە يېزىلمىغان .

ئۇنداقتا مەزكۇر باپتا كىمنىڭ تەختنى قوبۇل قىلىشتىن كەچمەكچى بولغانلىقى ھەققىدە ھېكايە قىلىنغان؟ ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقە نەۋايىدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان دەۋردە يۈزبەرگەن. قېيناغىسى ئەمىر ھۈسەيىننىڭ

ھىلە ـ مىكىرلىرىدىن تويىغان ساھىبقىران 1370 ـ يىلى ئەنە شۇ يۈزىسىدىن ئۆزىنى ئەمەس، سۇيۇرغاتمىشنىڭ ئوغلىنى خان قىلىپ كۆتۈرۈپ، لەشكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ھۈسەيىنگە قارشى يۈرۈش باشلىدى. بۇنداق يول تۇتۇشىنىڭ سەۋەبى، ئەمىرتۆمۈرنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى قاچۇۋلى باھادىر ۋە سۇيۇرغاتمىش خاننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى قابۇلخانلارمۇ ئۆزئارا ئەھدىنامە تۈزۈشكەن ئىدى. ئەھدىنامىگە كۆرە، خانلىق قابۇلخان ئەۋلادىغا، سىپاھ ـ سالارلىق قاچۇۋلى باھادىر ئەۋلادىغا تەيىن قىلىندى. ساھىبقىران سەلتەنەت ئىشىغا ئۆزىنى تولۇق مۇناسىپ سەزدى ـ دە، ئەجداتلىرى روھىغا ھۆرمەت قىلىش يۈزىسىدىن سۇيۇرغاتمىش خاننى خان قىلىپ كۆتەردى. ئەمما ھۈسەيىن ئۈستىدىن زەپەر قازانغاندىن كېيىن، بارلىق بەگلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئەمىر تۆمۈرنى شاھلىققا مۇناسىپ كۆردى ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشتى. يىغىندا ساھىبقىراننىڭ پىرى سەئىد بەرەكەمۇ قاتناشتى، ئەمىر تۆمۈر پىرى مۇرشىدى ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن بەگلەرنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن سەلتەنەت ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالدۇ .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەمىر تۆمۈرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى ئۆزىنىڭ تەختپەرەسلىگىدىن ئەمەس، بەلكى داستاندا تەسۋىرلەنگىنىدەك، رەئىيەتنىڭ ئىلتىماسى بىلەن قوبۇل قىلغان .

داستاننىڭ 27 ـ بابىدا ياش، تەجرىبىسىز، ئەمما جاسارەتلىك ھۆكۈمدار ئىسكەندەرنىڭ ھىساپسىز قوشۇن، چەكسىز مەملىكەت ساھىبى شەۋكەتلىك دارانىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇرۇشتا ئىران شاھىنىڭ ئىككى نەپەر سەركەردىسى خىيانەتكار بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقان دارانىڭ كەينىدىن ئاستا كېلىپ ئۇنىڭغا تىغ سانچىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەڭ ئاخىرلىشىدۇ. دارانىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن دەپنە قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمدارىغا ساتقۇنلۇق قىلغان خائىنلارنى تۆۋەندىكىدەك جازالايدۇ .

تېپىپ چۇنكى دارا ئىشدىن فاراغ،
تۇتۇپ ئىككى قاتىلنى ئەيلەپ سوراغ .
كۆمۈپ دار ئۈچۈن ئىككى سۇتۇن،
ئول ئىككىنى ئاستۇردى ئاندىن نىگۇن .

ئەمىلىيەتتە، ئۆتمۈشتە ۋەقەنىڭ باشقىچە بولغانلىقى كۆپچىلىككە ئايان. يەنى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، يۇنان ھۆكۈمدارى فىلىپ ئىككىنچى ئىرانغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق كۆرىۋاتقاندا ئۆز ئەتراپىدىكى دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشنى ئۇنىڭ تاجاۋۇزچى ئوغلى داۋاملاشتۇرغان، نەتىجىدە ئىران ۋە ماكىدونىيە قوشۇنلىرى مىلادىدىن ئاۋالقى 331 ـ 333 ـ يىللىرىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش قىلدى. دەسلەپكى قېتىمقى جەڭدە قوشۇنلىرى پاراكەندىچىلىككە يۈزتۇتۇپ، مەملىكەت ئىچكىرىسىگە چېكىنگەن دارا، ئىككىنچى قېتىملىق

ئۆرۈشتا راستىنلا يېڭىلگەن ۋە قالغان ـ قاتقان بىر نەچچە نەپەر نەۋكىرى بىلەن باكتىرىيەگە قاراپ قاچقان ۋە يول ئۈستىدە باكتىرىيە نائىبى بېسس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن .

بۇ باپتا بىزنىڭ پىكرىمىزنى تەستىقلايدىغان ئىككىلا نەرسە بار .

بىرىنچى، دارانىڭ قوشۇنلىرى ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىگى. تارىخىي ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇدىكى، ئەمىر ھۈسەيىن قارش قەلئەسىنى قوغداش ئۈچۈن قۇرغان بېگى ئەمىر مۇساغا ئون ئىككى مىڭ ئەسكەر بېرىپ قەلئەنى ساقلاشقا قويغان. ئەمىر تۆمۈر ئىككى يۈز قىرىق ئۈچ نەپەر نەۋكىرى بىلەن ئەنەشۇ ئون ئەككى مىڭ ئەسكەردىن قەلئەنى تارتىۋالدۇ ۋە ئۇلارنى ئالتە ـ يەتتە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ باردۇ.

ئىككىنچى، يېقىن كىشلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمدارىغا خيانەت قىلىش مەسلىسى. ساھىبقىران خيانەتكار كىشلەرنى ئۆزگە ئەڭ يامان دۈشمەن دەپ قارىغان. چۈنكى، توختامىشخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا توختامىشخاننىڭ بەزى ئەمىرلىرى ئۆز ھۆكۈمدارىغا خائىنلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا پاناھ تىلەپ كەلگىنى ئۈچۈن ئۇلاردىن يۈز ئۆرگەن. «بۇلار ئۆز ساھىبىغا ۋاپادارلىق كۆرستەلمىگەن تۇرسا، ماڭا ۋاپاقىلارمىدى؟!»دەپ يازىدۇ، ئەمىر تۆمۈر ئۆز «تۈزۈك»لىرىدە .

يەنە بىر ۋەقە، داستاننىڭ 35 ـ بابىدا جاھاندارچىلىق مۇددىئاسى بىلەن چىققان ئىسكەندەر قىشنى قاراباغدا ئۆتكۈزىدۇ. بۇيەردە ئۇ ئىلىم ـ ھېكمەت ئەھلىلىرى، ھەربىي سەركەردىلەر بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ. يېقىنلىرىغا مېھرىبانلىق كۆرستىپ، ئۇلارغا تەڭرىدىن مەدەت تىلەيدۇ. باشقا ئىشلاردىن قولى بوشاپ قالغان چاغلاردا ئات مىنىپ ئەرس دەرياسى بويىغا شكارغا چىقىپ، دەريا بويىدىكى ئورمانلارنىڭ سايىسىدە ھاردۇق چىقىرىدۇ .

كى چۈن قىلدى قىشلاق ئەزىمگە شاھ،

قاراباغى ئاراننى(ئەزەربەيجان) ئازىمگاھ . . .

فاراغەت چاغى سەيىر ئالىپ پىشەسى،

مەتافى ئەرەس رادىنىڭ بېشەسى .

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، باھاردا دەشتىقىپچاققا يۈرۈش قىلىشنى پىلانلاپ قاراباغدا قىشلاۋاتقان ساھىبقىران سەمەرقەندتىن يولغاچىققان ئەمىرزادە مۇھەممەدسۇلتاننىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. بارچە شاھزادە، ئەمىرزادە ۋە بەگلەر ئەرەس قورغىنىدىن ئۆتۈپ، مېھماننى كۈتىۋالدۇ. كېيىن ھەممىسى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ساھىبقىران ئۇلارغا كۆپلىگەن مېھرىبا نلىقلارنى كۆرستىپ، قىش پەسلىنى شىرىن سۆھبەتلەر ۋە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى .

شەرىپىدىن ئەلىي يەزدى ۋە نىزامىددىن شامىي ئەسەرلىرىدە يېزىلىشىچە، بىر زامانلاردا ئەرەس دەرياسىدىن

ئېكىنزارلارغا سۇ ئېلىش مەقسىتىدە بىر چوڭ ئېرىق قېزىلغان بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ ئېرىق تىنىپ سۇ ئاقمايدىغان بولۇپ قالغان. داستاندا تەسۋىرلەنگىنىدەك، دەريا بويىدا ئوۋ قىلىپ يۈرگەن ساھىبقىران شۇ ئېرىقنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى قېيىق بىلەن ماڭغىلى بولىدىغان قىلىپ كېڭەيتتۈرۈپ، تازىلاتتى. بۇ ئېرىقنىڭ سۇيىدىن كۆپلىگەن باغلار، كەنتلەر ۋە زىرائەتلەر مەنپەت ئالدى .

»سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى كۆھەك(زەرەپشان)دەرياسى بويىدا گۈزەل بىر شەھەر بىينا قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى «سەمەرقەند» دەپ ئاتىغانلىقى ھەققىدە گەپ بارىدۇ .

ئىسكەندەر ئاتادى سەمەرقەند ئانى،

سەمەرقەندى فىردەۋس مانەند ئانى .

بابۇر مىرزىمۇ شۇ گەپنى قىلغان:«سەمەرقەندنى ئىسكەندەر بىينا قىلغاندۇر. موغۇل ۋە تۈرك ئۇلۇسى سېمىرقەند دەيدۇ، تۆمۈربەگ پايتەخت قىلغان ئىدى»(زەھرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە». تاشكەنت «شەرق» نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى 59 ـ بەت). تارىختا سەمەرقەند داستاندا يېزىلغىنىدەك ئىسكەندەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنمىغان. ئەكسىچە، سەمەرقەند مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 ـ يىلى ئالېكساندىر ماكدونى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان .

بابۇر مىرزىنىڭ يازغىنىدەك، ئەمىرتۆمۈر ئۇنى ئۆز سەلتەنەتىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇستا بىناكارلارنى تېپىپ كېلىپ بۇ يەردە ئالاھىدە زور قۇرۇلۇشلارنى بىنا قىلدۇرغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە شەھەرنىڭ قىياپىتى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن. ئاكادېمىك ۋ. بارتولد تەكىتلىگەندەك، ئەمىرتۆمۈر سەمەرقەندنىڭ جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل شەھەر بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان. ئەسەردە سەمەرقەندتىن تاشقىرى ئىسپاھان، راي، ھىرات شەھەرلىرىنىمۇ ئىسكەندەر بىنا قىلدى، ـ دەپ يېزىلغان. دېمەك، بۇ شەھەرنى ئىسكەندەر ياكى ئەمىرتۆمۈر بىنا قىلمىغان، ساھىبقىران پەقەت ئۇنىڭ ئاۋات بىرشەھەرگە ئايلىنىشىغا ھەسسە قوشقان، خالاس .

ئەسەردە يېزىلىشىچە؛ ئىسكەندەر كەشمىر ۋە ھىندى مەملىكەتلىرىگە يۈرۈش قىلغاندا كەشمىر سۇلتانى مەللۇ ئىبنى مابۇك ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. لېكىن ئىسكەندەر ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ قىزى مېھرنازنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ، مەللۇخاننىڭ ئوغلى فىروزشاھقا ئاتىسىنىڭ تەختىنى تاپشۇرىدۇ .

شۇ چاغدا، جەڭ مەيدانىدىن شەھەر ئىچىگە چېكىنگەن مەللۇخان يېرىم كېچىدە شەھەردىن قېچىپ چىقىپ تاغ ئۈستىدىكى بىر قەلئەگە يوشۇرنىۋالىدۇ. شۇچاغدا ئۇنىڭ ئەئىيانلىرى ئىسكەندەرگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەت ئەۋەتىدۇ:

»كى: مەللۇدا بولغان زامان بۇدىيار،
يوق ئېردى بۇ قۇللارغا ھېچ ئىختىيار .
كى قىلغاي ئىدۇق خىزمەت ئىزھارىنى،
ئايان ئەيلەبان قۇللۇق ئەسارىنى .
بۇدەمكىم ئانى شەۋكەتىڭ قىلدى پەست،
فىرار ئىختىيار ئېتتى، باپىب شەكەست .
نېچە بەندەلىغ ئىچرە شەرمەندەبىز،
يۈرۈغ ئەيلەسەڭ مۈلكى ۋەيرانىمىز،
فىدادۇر ساڭا مال ئىلە جانىمىز .
ۋەگەر بىزنى ئىستەرگە فەرمان ئېرۇر،
بارگە يۈزۈڭ كۆرمەك ئارمان ئېرۇر .
ئېرۇر بىزنى ـ ھۆكۈم ئەيلىسەڭ مۇفتەخىر،
بۇنامە جاۋابىغا بىز مۇنتەزىر« .

ئەسلىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 327 ـ يىلى ماكدۇنىي قوشۇنلىرى ھىندىستان تاغلىرىدىن ئېشىپ پەنجاپ ـ ھىندى ۋادىسىغا كىرىدۇ. بۇ ۋادا پادىشاھلىرىدىن بىرى باسقۇنچىلارغا ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق كۆرستىدۇ. پەنجاپنى ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلاردىن كېيىن ئاران قولغا كىرگۈزگەن ماكدونىي گانگ ۋادىسى ۋە پۈتۈن ھىندىستاننى بېسىۋالماقچى ئىدى. ئەمما گانگ ۋادىسىدا كۈچلۈك نەند سەلتەنەتى قوشۇنلىرى بارئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ۋاقىتلاردا ئەسكەرلەر ئىچىدە بەزگەك كېسىلى تارقىلىپ كېتىدۇ. ئالىكساندىر ئۆز قوشۇنىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئارقىغا قايتىشقا ماجبۇر بولىدۇ. ئۇ بابىلدا نۆۋەتتىكى يۈرۈشكە تەييارلىق كۆرىۋاتقاندا بەزگەك كېسلى بىلەن ۋاپات بولىدۇ. ئالىكساندىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىمپىرىيەنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەنلىگى ھەممىگە مەلۇم .
سالاھىددىن تاشكەنىينىڭ «تۆمۈرنامە»سىدە بولسا، مەللۇخان بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كەلگەن فىروزخان ئۆزىنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئاتىسىنىڭ تەختىنى مەللۇخاندىن ئېلىپ بېرىشنى سورايدۇ .
ئەسلىدە دېھلىدا 1351 ـ 1388 ـ يىللاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۇغلۇقلار سۇلالىسىنىڭ ۋەكىلى فىروزخان قازا قىلغاندىن كېيىن، مولتان ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى سارالڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى مەللۇ فىروزشاھنىڭ نەۋرىسى سۇلتان مەخمۇدنى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈپ، ھىندىستاننى ئۆزلىرى باشقۇرغان ئىدى. ساھىبقىران بىلەن يۈزلەشكەندە خۇددى داستاندا بايان قىلىنغاندەك، سۇلتان مەھمۇدخان ۋە مەللۇخان ئاۋۋال شەھەر ئىچىگە قېچىپ كىرىپ،

كېيىن يېزىم كېچىدە ئىككىلىسى شەھەرنىڭ ئىككى دەرۋازىسىدىن: سۇلتان مەھمۇدخان ـ ھەۋداران دەرۋازىسىدىن، مەللۇخان ـ باراكا دەرۋازىسىدىن قېچىپ چىقىدۇ. ئەتىسى تاڭ يورىغاندا مەللۇخاننىڭ نائىبى فەزلۇللاھ بەلخي باشچىلىقىدىكى دېۋانبېگىلەر ۋە شەھەر ئۇلۇغلىرى چىقىپ ساھىبقىرانغا مەللۇخاننىڭ زۇلمىدىن تويغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ .

»سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ باش قەھرىمانىنىڭ غەلبىلىك يۈرۈشلىرىدە ئۇنىڭغا دۇنيا سىرلىرىدىن خەۋەردار دانىشمەنلەر ھەمرا بولغان. تۈرلۈك جايلاردا ئۇچرىغان كۆتۈلمىگەن توسۇقلار ئالىملارنىڭ ئىلمى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان .

داستاننىڭ 31 ـ بابىدا ئىسكەندەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، دىلبەندىنىڭ قەبرىسىنى ماكان تۇتۇپ كېچە ـ كۈندۈز پەرزەنتىنىڭ داغىدا ئۆرتىنىۋاتقان ئانىغا تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە يەتتە دانىشمەن كېلىدۇ. ئۇلار ـ فلوتون، سوقرات، بالىناس، بوقرات، ھورمۇس، فارفنوس، ئارىستولاردۇر. ئەسلىدە بۇ دانىشمەنلەر بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردە ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن پەقەت ئارىستوتىللا ماكدونىيغا زاماندىش ۋە پەقەت ئۇ ئالېكساندىرغا دائىمي ھەمراھ بولغان. شۇ جەھەتتىن بۇ ئالىملارنىڭ بىرلىكتە تەزىيە بىلدۈرگىلى كېلىشى تارىخىي چىنلىقتىن يىراق. بۇ يەردە شائىر ئەقىل ـ ئىدراك، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن باشقۇرۇلغان سەلتەنەتنىڭ قۇدرەتلىك بولىدىغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇ دانىشمەنلەر ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلىنماقتا. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە پىر ـ مۇرىدلىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ كۆزدە تۇتۇلغان. داستاندا ئارىستوتىل ـ پىركامىل، ئىسكەندەر بولسا كامىللىققا ئىنتىلگەن مۇرىدنىڭ تىمسالىدۇر. ئىسكەندەر ئەسىر راۋاجىدا پات ـ پات ئارىستوتىلغا ئۆزى يېشىمىنى تاپالمايۋاتقان مەسىلىلەر يۈزىسىدىن سوئاللار بىلەن مۇراجىئەت قىلىدۇ ۋە ئۇستازىدىن ئالغان جاۋابلىرى بىلەن بىلىمىنى بېيىتىپ بارىدۇ .

ئەسلىدە ساھىبقىران ئەتراپىدا دائىم ئاللاھتائالانىڭ دوستلىرى ھېسابلانغان كارامەتگۈي ئەۋلىيالار بولغان. سەۋەبى ئەمىر تۆمۈر ھەر دائىم پىر ـ مۇرشىدلىرىغا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ پىرلىرى ـ خوجا شەمسىددىن كۇلال، سەئىد ئەمىر كۇلال، مەۋلانە زەينىددىن، ئەبۇبەكرى تەيبابا بارى، مىرسەئىد بەرەكە، خوجا باھاۋىددىن نەقشبەندى ھەزرەتلىرى ئىدى. بۇلاردىن تاشقىرىمۇ ساھىبقىرانغا كۆپلەپ يېتىشكەن زاتلار ھەمراھلىق قىلغان. جۈملىدىن ساھىبقىران دېھلى ۋالىيسى سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ھىندىستانلىقلار ياخشى قۇراللانغان ھېسابسىز ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە بىر يۈز يىگىرمە پىلنى جەڭگە ئېلىپ كىرگەن، پىللارنىڭ ھەيۋىتىنى كۆرگەن لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشۈپ، ئاتلار ئۈركۈپ قېچىپ، پىللارغا يېقىنلىشالمىغان .

دۈشمەن بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز تۇرغاندا قوشۇننىڭ ساراسىمىگە چۈشۈشى مەغلۇبىيەتتىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس. بۇنداق ۋاقىتتا غايىبتىن بىر كۈچ كېلىپ كىشىنى قۇۋۋەتلەندۈرمىسە باشقا ھېچقانداق چارە يوق. ھەر دائىم ئاللاھقا

تەۋەككۇل قىلغان ساھىبقىران «شۇ سائەتتە ئالىي دەرگاھ بەندىلىرىدىن (پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى نەزەردە تۇتۇلغان) مەۋلانە نەسرىددىن ئۆمەرگە ئىشارە قىلدى. ئۇ دەرھال جايىنامازنى تۇپراق ئۈستىگە سالدى، جانابىي ھەزرەت ئاتتىن چۈشۈپ، ئىككى رەكئەت نامازنى مىڭ تەزەررۇھ ۋە نىيازمەنلىك بىلەن ئادا قىلدى، ئالىي ۋە ئۇلۇغ بەخشەندە (ئاللاھ دەرگاھىدا زەفەر ئاتىسىنى سورىدى. شۇ ھالەتتە موڭغۇلئۆيدە تۇرغان قىسىم ئەمىر شەيخ نۇرىددىن، ئەمىر شاھمەلىك، ئەمىر ئاللاھ داد كەبى ئەمىرلەر: «ھەزرىتى ئەمىر ساھىبقىران دۆلەت ئىگىسىدۇر، خۇدا خالىسا، ھەقتائالا ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىگە قۇل سېلىپ (لەشكەرنىڭ مەركىزىي قىسمى) ئەسكەرلەردىن بىر توپنى بىز بەندىلەرنىڭ ياردىمىگە ئەۋەتسە ئەجەپ ئەمەس.» دەپ كۆڭۈللىرىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەلا ھەزرەت نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، سالام بىرىپ دەرگاھىي ئالىيغا بېرىپ ھاجەتلىرىنى ئىزھار قىلدى. «دۆلەت ئىگىلىرى ئىلھاملىق بولىدۇ» دېگەن مەزمۇنغا بىنائەن قۇشۇنلاردىن ئوڭ قول تەرەپكە ـ موڭغۇلئۆيگە ياردەم بەرسۇن دەپ ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭغا بىنائەن ئۇ ئەمىرلەرنىڭ دىللىرى، بىلەكلىرى قۇۋۋەتلىنىپ، چوڭ ئۈمىد بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. (نىزامىددىن شەمىي: «زەپەرنامە»، تاشكەنت، «ئۆزبېكىستان» نەشرىياتى **1996** ـ يىل نەشرى **249** ـ ، **250** ـ بەتلەر(

ساھىبقىران ھەر بىر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن پىر ـ مۇرشىدلىرىدىن مەسلىھەت سورىغانلىقى، ھېچقاچان ئۇلارنىڭ رايىغا قارشى ئىش قىلمىغانلىقى ئۇچۇنمۇ شۇنداق چوڭ سەلتەنەت ھۆكۈمدارى بولۇش نېسىپ قىلىنغانلىقىنى ئۆز «تۈزۈك»دە بىر نەچچە قېتىم تىلغا ئالغان .

مىللىتىمىزنىڭ قۇياشى ـ ھەزرەتى نەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىن چىقارغان خۇلاسىمىز شۇكى. ئېھتىمال، يازغانلىرىمىز كىملەرگىدۇر ماقۇل كىلەر، بەزىلەر ئۆتكەنلەرنى زامانىۋىي مەپكۇرىگە ماسلاشتۇرۇشتىن خالاس بولغان ئىدۇققۇ؟ بۇ يەنە نېمىسى ئەمدى، دەپ مەسخىرە قىلىشار. ئەمما بىز پىكرىمىزنى ئاسماندىن ئالمىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن بىرنەچچە مەنبەلەردىن مىسال كەلتۈردۇق. يىشمىنى تاپالمىغان مەسلىلەرگىمۇ خالىس ياندىشقان ھالدا تەخمىنلەردىن ئۆزىمىزگە ياققىنىنى يۈرەكلىك بىلەن تىقىشتۇرۇپ، بۇنىڭ ھەقلىكىگە سىزمۇ ئىشىنىڭ دەپ ئوقۇرمەن ئېڭىغا تەسىر كۆرستىشكە ئۇرۇنمىدۇق.

»سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى ـ پىروتوتىپى ئەمىر تۆمۈر ئەمەسمۇ؟ دېگەن پىكرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تارىخىي پاكىتلار ۋە نەۋائىي ياشىغان مۇھىت ھەمدە ئۇنىڭ تۈركىي مىللەتلەرگە مەنسۇپلىقى سەۋەب بولدى.

مەنتىقە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، نەۋائىغا بىر زامانلاردا يۇرتىنى زىيارەت قىلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن ماكىدونىيەلىك باسقۇنچىنىڭ ۋەھشىيلىكى ئىلھام بېغىشلىدىمۇ ياكى يۇرتىنى ئازاد قىلىش باراۋىرىدە تۈركىيلەرنىڭ ھۆكمى ئاستىغا دۇنيانىڭ يېرىمىنى بىرلەشتۈرگەن ساھىبقىراننىڭ شەۋكىتىمۇ؟

ئەلۋەتتە، ئىسكەندەر بىر ئوبراز، خالاس. شائىرنىڭ ئەسرىدە تارىخىيلىق ئەمەس، بەدىئىيلىك ئاساسىي ئورۇندا

تۇرىدۇ. شۇ جەھەتتىن ئىسكەندەر تىمسالىدا ئادالەتلىك شاھ ھەققىدىكى پىكىرلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئەمما شۇنى ھەم ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئەسەردىكى ئىجابىي ئوبراز پىروتوتىپىنى تېپىش ئىجادكارنىڭ ئىخلاسىغا باغلىق ھادىسە. نەۋائىينىڭ تالانتى ئەنە شۇ ھادىسىلەرگە چوڭ ئىدىيىۋى ۋەزىپىنى يۈكلىگەن، بۇنىڭدىن تاشقىرى شائىر ئەسىرىنى يېزىشتا ناھايىتى كۆپلەپ تارىخىي ئەدەبىياتلاردىن پايدىلا نغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن .

»سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى دىنىنىڭ ھىمايىچىسى. ئۇ تۇرلۇك يۇرتلارغا تەڭرىتائالانىڭ دىنىنى ئېلىپ بارغان. خۇراپاتلىق ۋە بىدئەتلىك كۈچەيگەن جايلاردا تەرتىپ ئورناتقان .

ئايانكى، ئوتتۇز ئۈچ يىللىق قىسقىغىنا ئۆمرىنى جەڭگى ـ جېدەللەر ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئالىكساندىر ماكدونىيە نە دىن ھىمايىچىسى بولمىغان ھەم نە شەھەرسازلىق، ياراتقۇچىلىق ئىشلىرىغا ۋاقىت ئاجراتمىغان؟

موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن كېيىن ئۆلكىدە ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋىي ئىنقىراز ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. شۇ دەۋردە خەلقنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان مۇقەددەس دىنىمىزنى يەنىمۇ كەڭرەك يېيىشقا خىزمەت قىلىدىغان، ئاممىنى يىگانە مەپكۇرە ئەتراپىغا بىرلەشتۈرەلەيدىغان ئەمىد تۆمۈردەك جاسارەتلىك ۋە تەشكىلاتچى ئىنسان جەمئىيەتكە زۆرۈر ئىدى. ئاللاھتائالا ئەنە شۇنداق زاتنى يارىتىپ قولىغا كۈچ، يۈرىكىگە قۇۋۋەت، قەلبىگە ئىلھامبەخش ئەتتى.

«ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ، ئۇنىڭغا روناق بەرگىنىم ھەققىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەھلى مۆمىنىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئىسلام ئالىملىرى: «تەڭرى تائالا ھەر يۈز يىلدا مۇھەممەد (ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ مەرھەمەتلىرى ۋە سالاملار بولسۇن) دىنىغا راۋاج بەرسۇن ئۈچۈن بىر كىشىنى ئىسلام دىنىنىڭ يايغۇچىسى ۋە راۋاج بەرگۈچىسى سۈپىتىدە ئىختىيار قىلىدۇ. بۇ سەككىزىنچى يۈز يىللىقتا ئەمىر ساھىبقىران ئىسلام دىنىنى جاھان ئەھلىگە تارقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يۈز يىللىقتا مۇھەممەد دىنىغا راۋاج بەرگۈچى زات شۇ كىشى بولغاي.» دەپ پەتىۋا بەردى. ( «تۆمۈر تۈزۈكلىرى» ت . «شەرق» 2005 ـ يىل، 68 ـ بەت) دەپ كۆكسى غۇرۇرغا تولغان ساھىبقىران بۇ گەپتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئىسلامنى قۇۋۋەتلەندۈرگەن يەتتە زات ھەققىدە ئېنىق ھۆججەتلەر ئاساسىدا ھېكايە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆمەر ئىبنى ئابدۇئەزىز( 712 ـ 720)، مەئمۇن ئىبنى ھارۇن رەشىد(813 ـ 883)، مۇقتەدىر بىللا ئابباس(908 ـ 932)، ئىزود دېۋلە دايلامىي(967 ـ 978)، سۇلتان سەنجەرى ئىبنى سۇلتان مەلىكشاھ(1118 ـ 1157)، غازاتخان ئىبنى ئارغۇنخان ئىبنى ھىلاكوخان(1295 ـ 1304)، ئولجايتۇ سۇلتان ئىبنى ئارغۇنخان ـ سۇلتان مۇھەممەد خۇداۋەندى (1304 ـ 1317) لەردۇر .

داستاندىكى ۋەقەلەرنى ساھىبقىران بوۋىمىز تارىخى بىلەن بىرمۇ–بىر سېلىشتۇرسىڭىز، پەقەت خەمسەچىلىك ئەنئەنىسىگە رىئايە قىلىنغان ھالدا ساقلىنىپ قالغان ئىسىملاردا پەرقلەر كۆرۈلىدۇ، خالاس. قالغان ھەر بىر سەھپە، ھەر بىر قىسىم، ھەر بىر بېيىت ساھىبقىران شەۋكىتىدىن سۆزلەيدۇ.

نەۋائى «خەمسە»نى تۈگىتىپ ھۈسەيىن بايقاراغا تەقدىم قىلغان ۋاقىتتىكى ۋەقەنى ئەسلەڭ، ھۆكۈمدار نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋەزىرى ياكى ئىجادكارغا جىلۋىدارلىق قىلىپ يۈرىدۇ؟

بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە ، بۇ جىلۋىدارلىق يىپرىم دۇنيانى تۈركىيلەر بايرىقى ئاستىغا بىرلەشتۈرگەن ساھىبقىران روھى پاكىغا ھەمدە مىللىتىمىزنىڭ پەخرى ، مەشھۇر مۇزىكانت ـ ئۇلۇغ نەۋائى ئەجادىغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام رەمزىدۇر. ئېھتىمال ، ھۆسەيىن بايقارا ناۋائىدىن تۈركىيلەرنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىدىن بىرى ، خۇسۇسەن ، ئۆز بوۋىسىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈ شلىرىنى ئىنسانىيەت تارىخىغا كىرگۈزگەنلىكى ۋە بۇ ئەسەر ئەسىرلەر داۋامىدا سۆيۈپ ئوقۇلۇ شنى بىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن بولسا كېرەك .

ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «مەرىپەت گېزىتى»نىڭ 2008 ـ يىل 256 ـ سانىنىڭ ئىنتېرنىت نۇسخىسىدىن ئېلىندى .

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:

قاراقاش ناھىيلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار

http://bbs. xjzjxh. com/Topic. aspx?BoardID=35&TopicID=8008

# نەۋايى غەزەللىرىگە تەجنىسلەر

## ئابابەكرى توختى ئۇيغۇن

**مۇقەددىمە**

**بەش ئەسىر ئۇيقىدا ياتقان چۆل ئارا بىر ئۇن كىلۇر،**

**ئۇندا «دىۋان»نى قۇچاقلاپ ھالەتى مەجنۇن كىلۇر.**

**بىر تەرەپتە تۇغ بولۇپتۇ ھەزرىتىمگە زەر قۇياش،**

**بىر تەرەپتىن سۆكىدىشىپ ئايسىز تاتارغان تۈن كىلۇر.**

**ھەر قەدەمدە بىر سوئال تاشلاپ ئۆتەر دۇنياغا ئۇ،**

**شۇ سوئالنى يەشكىلى مەشرەپ يۈرەكى خۇن كىلۇر.**

شۇ سۇئالدىن ئويغىنىپ ئەرشى تېپىپتۇ ئەسلىنى،

نەۋبەتى، گۇمنام، زەللى ...ھەممىسى سۇلغۇن كىلۇر.

خانىقالار ھۆكمىنى سۇندۇردى كۆيلەر نەرىسى،

ئۇشبۇ ۋەھدەتتە قاياقتىن تاپ بېسىپ ئالغۇن كىلۇر؟

قىز پېتى قالدى جاھان ئۆلگەن يۈرەكلەر تەكتىدە،

ئۇشبۇ قىزنى ئەپكىتىشكە توختىماي پەيتۇن كىلۇر.

ئاشنالىق ئارمىغان بولدى نەۋائىيدىن بۈگۈن،

ئول پىرىمنىڭ خەزىنىسىنى ئاقتۇرۇپ ئۇيغۇن كىلۇر.

(1)

»ماڭا نە مەنزىلۇ مەئۋا ئەيان نەخانۇمان پەيدا،«

سېنىڭ ھىجرىڭدە بۇ غەمسىز يۈرەكتە لەختە قان پەيدا.

ئەقلىنىڭ قۇشلىرى قوندى سولاشقان بەرگى ياپراققا،

جاھان ھۆسنىدە سۆيگۈمدىن بولۇپتۇ زەپىران پەيدا.

ناۋالار ئەيلىسە بۇلبۇل قىزىل گۈل ئىشتىياقىدا،

كى تاڭ چېھرىدە ھىجرەتنىڭ دالاسىدەك تۇمان پەيدا.

**شەبىستان كۆيلىرى كەتتى يىراقلاپ ئاستا كۆلبەمدىن،**

**ھىلالنىڭ كۆز يېشى تامغاچ چىمەندە مۆلدۈ-پىغان پەيدا.**

**بۇ تەن پەرۋازىدىن قالدى ئۇنىڭ مولجالى تىمتاسلىق،**

**سۆكۈت ئەۋجىدە روھىمدا ياراقسىز پەھلىۋان پەيدا.**

**خىيال دەپتىرىدىن زەر گۈن پەلەكنىڭ شولىسى يۈتتى،**

**پەلەك دىشۋارىدىن بولدى گويا ئاخىر زامان پەيدا.**

**چېچىلىڭ زۇلمىتىدىن كۆيگەن كېچەڭگە ئاشنا چۈشلەر،**

**شۇ چۈشلەر سەتھىدە بولغاچ ھەۋۋادەك مېھرىبان پەيدا.**

**ئىشق زەنجىرىدە مەڭگۈ بۇ ئۇيغۇن قەلبى باغلاقلىق،**

**نەھاجەت ئىستىمەك ئەركنى، يېنىدا ئۇل جانان پەيدا.**

**(2)**

**»جان يېتىپ ئاغزىمغا تاپمان دەردى ھىجراندىن خالاس،«**

**نەكى ھىجران بەلكى بولدۇم ئابھايۋاندىن خالاس.**

**كىرپىكىڭ ئوقياسىدىن سۆلدى چېچەكلەر جىلۋىسى،**

**ئەيلىگەي كىم باغبانىنى ئۇشبۇ غەلياندىن خالاس؟**

**زۇلفى قەللابىڭ مېنى ئالدى بوغۇپ،يوق ئىختىيار،**

**كۆزلىرىم بولماس نېرى بىر لەھزە توپاندىن خالاس.**

**ئاھ، ئىشق زىندانىدا قىينالغۇچى بىر مەن ئەجەب،**

**خۇددى قۇش بولغان كەبى پەرۋازى جەۋلاندىن خالاس.**

**ئىزدىبان سۆيگۈ گۈلىستانى زىمىستان قويندىن،**

**ئىشقى گۈللەرنىڭ دىلىمدا بولمىدى قاندىن خالاس.**

**بۇ جۇنۇن سەھراسىنىڭ خىلۋەت راباتى قايدىدۇر،**

**جىلۋىسىز ئازغۇن ۋىسال قىلماس سەراتاندىن خالاس.**

**مۇڭدىشىم بولدى پىراقىنىڭ ئەۋجىدە تەنھالىقىم،**

**ۋەھدىتىم جامىدا مەي بولماستا شەيتاندىن خالاس.**

**بۇ ھاياتقا ساختىلىقتىن ياپما پەردە ئەي پەلەك،**

**قىل مېنى جاندىن خالاس، قىلغۇچە جانانىدىن خالاس.**

**(3)**

**»يارەب، ئول يۈزنى دەمى كۆزۈمگە پىنھان ئەيلىمە،«**

**ئاشنالىق دەستىدىن ھالىم پەرىشان ئەيلىمە.**

**ئوت قويۇپتۇ بۇجاھانغا مەشۇقىمنىڭ غەمزىسى،**

**بىرلا مەن تۇترۇق بولاي ئۆزگىنى قۇربان ئەيلىمە.**

**يايمىسۇن زۇلپىنى ئۇ يالمار قۇياشنى سويلىشى،**

**تاڭغا تەشنا بۇ يۈرەكنى تىغ ئۇرۇپ قان ئەيلىمە.**

**باغلىرىمدا گۈل-چېچەكلەر بولمىسۇن زىنھار خازان،**

**شۇ نىگارىم ھۆسنىنى بۇ باغدا مېھمان ئەيلىمە.**

**نە ئەجەبكىم مەي بىلەن ئازسام ھوشۇمدىن بىر يولى،**

**نازىنى ئول پەرىنىڭ ئالدامچى شەيتان ئەيلىمە.**

**يول سېلىپ چىقتىم بۇگۈن ئەيلەپ ھىلالنى قولۇنقىم،**

**كۆز يېشىمنى ناگىھان بۇ يولدا ئوكيان ئەيلىمە.**

**قۇلىقىمنى ئەيلىگىن تەن بىر ئۆزۈمگە تائەبەد،**

**باش پاناھسىزلا ئۆلەي، شۇل يارنى سۇلتان ئەيلىمە.**

**جان قۇشى قاقسا قانات قونغاي شېخىغا سۆيگۈنىڭ،**

**ئاشۇ تەرسانىڭ بىراق كۆكسىنى ئاسمان ئەيلىمە.**

ئۈشبۇ ھىجران دەشتىدە ئۆلتۈرۈپ ئۈيغۇننى يار،

گاھ تىرىلدۈرۈپ يەنە تەگرىمنى ھەيران ئەيلمە.

(4)

»جۇنۇن تاشى ئۇرۇپ ھەريان ياڭى داغىمنى ئەفكار ئەت،«

ھۆسن باغىڭغا ئەي رەنا مېنى ئاشىق خېرىدار ئەت.

كۆزۈم بىر لەھزە توختاتىسۇن مۇھەببەت زۇلمىدىن توپان،

قارا كاكۇل چېچىڭنىڭ سويلىشىنى بىر ماڭا دار ئەت.

نىتەي سىنەم ئارا كۇلسە يەنە ئىشقىڭ گۇلىستانى،

تېنىم چۆللەرگە پالانسۇن ۋە مەيلى قەترىگە زار ئەت.

يۈرەك ئۆتمە تۆشۈك بولسۇن نىگاھىڭ خەنجىرى بىرلە،

شۇڭا لوقمانىمۇ كار قىلماس بىمارلارغا نەمۇدار ئەت.

قاراقلار سەتھىدىن ئۆچسۇن ھىلالىسىز تۇزىغان ئاسمان،

بۇ رەسۋالىق كوچاسىدا ناھاتكى بىر مېنى خار ئەت.

بۇ ھالىمدىن جاھان ئەھلى تۈتۈپ قالسۇن ياقاسىنى،

ۋاپا تەسۋىسىنى ئەمما ھامان بوينۇمدا زۇننار ئەت.

سېنىڭ كۆلپەتلىرىڭ بىرلە ساراڭ، تەلۋە ئاتالسامۇ،

بۇ ئۇيغۇننى ئاداققى رەت لېۋىڭدە ئىرىگەن قار ئەت.

(5)

»ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كۆردى ھەيران بولدى گۈل،«

قامىتىڭگە ئەي پەرى ئۇنسىز غەزەلخان بولدى گۈل.

بەرگىلەرنى تىترىتىپ ئۆتتى گويا كۈز سەلكىنى،

خۇددى مەندەك نائۈمىد قالدى پەرىشان بولدى گۈل.

رومىلىڭنى قايرىساڭ كۆيدى گۈرۈلدەپ بۇ جاھان،

بۇ مالامەت دەستىدىن بىر پەستە گۈلخان بولدى گۈل.

بىر نېگاھ بىرلە ئېتىلدى شۇ نىگاھتىن مىڭ باشاق،

ھالىغا مىڭ ۋايكىم، جەڭگاھتا قۇربان بولدى گۈل.

يەنە بىر رەت ئەيلىدىڭ گۈلگۈن نىگاھتىن بۆسەلەر،

بۇ يۈرەگىمدەك شۇئان قاتمۇ-قات قان بولدى گۈل.

ئۇشبۇ قىسمەتتىن ياقاڭنى يىرتمىغىن ئەي بۇلبۇلۇم،

ئول نىگارىم ھۆسنىدە مەڭگۈگە مېھمان بولدى گۈل.

**گۈل ئۆزەي دەپ تاڭ سەھەر كىرگەندە باغقا ناتىۋان،**

**شۇندا ھەيران قالدۇرۇپ ئۈيغۈننى ئىنسان بولدى گۈل.**

**1995-يىلى 5-6-ئايلار، ئۈرۈمچى**

http://shairlar.blogbus.com/logs/167507505.html

# نەۋائىنىڭ «فەرھاد-شىرىن» داستانىدا خوتەن تەسۋىرى ۋە فەرھاد ئوبرازى

ئابلەت ياسىن بابا

)مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مىلللەتشۇناسلىق ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنستوتى مىللەتشۇناسلىق كەسپى ـ مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتى تەتقىقاتى يۆنىلىشىنىڭ دوكتۇر ئاسپىرانتى(

)تېلفۇن: 13070075578 / 18010197029(

ئاساسىي مەزمۇنى:

بۇ ماقالىدا ، نەۋائىنىڭ «فەدھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى خوتەنگە ئالاقدار بەدىئىي تەسۋىرلەر، باش قەھرىمان فەدرھادنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ، ئۇنىڭ خاراكتىر جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى ، ئوبرازىنى ئەكىس ئەتتۈرۈش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى قاتارلىق مەزمۇنلارغا قارىتا قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:

ئوبراز، تەسۋىر، خوتەن

بۈيۈك شائىر، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋەر ۋەكىلى ئەلشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە»سىنىڭ گۈل تاجى بولغان «فەرھاد ـ شىرىن» داستانى تەخمىنەن ھجرىيە 889 ـ يىلى(مىلادىيە 1484 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ) يېزىلغان. بۇ داستان نەۋائى 40 ياشلاردىن ئاشقان چاغلاردا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە ئەقلىي خولاسە جەھەتتىكى يۇكسەك پەللىسگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

نەۋائىدىن بورۇنمۇ نىزامى گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلەۋى قاتارلىق شائىرلار بۇ تېمىدا قەلەم تەۋرەتكەن بولۇپ، نەۋائى بۇلارغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن قاراپ، ئۆزگىچە يول تاللىغان. يەنى بۇرۇنقىلار داستانىدا قوشۇمچە پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن فەرھادنى باش قەھرىمان قىلغان ۋە ئۇنى چىنلىق، تېخىمۇ كونكرېت قىلغاندا خوتەنلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئۇنى ئاجايىپ ئىدىئال ئوبراز سۈپىتىدە سۆرەتلىگەن.

نەۋائى قەلىمىدىكى چىن ئاتالغۇسى جۇغراپىيىلىك دائىرە جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، بۇنى

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بايانلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

كلاسسىكلار قەلىمىدىكى خوتەن گۈللەنگەن، مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتلىك مەملىكەت دەپ تەرىپلىنىدىغان بولۇپ، «خوتەن دىيارى ئۇلۇغ چىن مەملىكىتىنىڭ كۆزىنىكى» دەپ تەسۋىرلىنەتتى. قەدىمقى ئۇدۇن ئېلى قاشتېشى، گىلەم، ئەتلەس قاتارلىق بىباھا گۆھەرلىرى تونۇلغان بولۇپ، ئۈ، قۇچۇ، كۇچا، قەشقەر كەبى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن ئىدى. ئەدىب، سەنئەتكارلار نەزىرىدە، خوتەن گۈزەللىكنىڭ تىمسالى، شائىرلار مەدھىيىسىنىڭ باش ماۋزۇسى ئىدى. «خۇسۇسەن، خوتەن ۋە چىن-ختا مۇلكى نەۋائى نەزمىسىدە ئالاھىدە بىر مېھىر-مۇھەببەت، زوق-شوخ بىلەن كۈيلىنىدىكى، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل پەرى سۈپەت جانانلارنىڭ، ئەھدىگە ۋاپا مەرد ئوغلانلارنىڭ يۇرتى، پەن-مەرىپەت، ئىلمۇ-ھىكمەت يۈكسەلگەن قۇتلۇق دىيار، ئىدېئال ئۆلكە سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ. بۇنى مۇتەپەككۇر ئەدىبنىڭ ‹خەمسە›گە كىرگەن ئېپىك داستانلار تۈركۈمىدىن يارقىن كۆرەلەيدۇ ۋە ئىتراپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.» نەققاشى چىن ۋە چىن رەسسامى مانى قاتارلىقلار نەۋائى قەلىمىدىكى خوتەن تەسۋىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. دېمىسمۇ «نەۋائى نەزمىسىدىكى ‹چىن› ھەردائىم خوتەن بىلەن يانمۇيان تەرىپلىنىدۇ ۋە تەسۋىرلىنىدۇ«.

«فەرھاد-شېرىن» داستانى جەمئىي قىرىق نەچچە بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، نەۋائىنىڭ بارچە ماھارىتى دېگۈدەك باش قەھرىمان-چىن مەملىكىتىنىڭ شاھزادىسى فەرھادنى تەسۋىرلەشكە قارىتىلغان بولۇپ، مۇشۇ قاتاردا نەچچە ئونلىغان بابلاردا چىن ھەققىدە گوياكى ئۆز ئانا يۇرتىنى تەرىپلىگەندەك قىزغىن مۇھەببەت ۋە ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. جىمى گۈزەللىكنى چىنغا يۈكلەپ، ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك ھىسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەۋائى خوتەننىڭ گۈزەللىكى ۋە خوتەن خاقانىنىڭ تەرىپى توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازىدۇ:

بۇ چىننى ھۆللەغا بولغان رەقەمكەش،
يۈزىن بۇ تەرھ ئىلە قىلدى مۇنەققەش.

كى چىن مۇلكىكى رەشكى نەقشى چىندۇر،
سەۋادى غەيرەتى خۇلد بەرىندۇر.

نەۋائى تەسۋىرىدىكى خوتەن مەملىكىتى رەسساملىقتا كامالەتكە يەتكەن چىنلىق رەسساملار سىزغان رەسىملەرنىڭمۇ ھەستىنى قوزغايدىغان دەرىجىدە گۈزەل، باغۇ-بوستانلىق بولۇپ، ھەتتا جەننەت باغلىرىمۇ خۇتەنگە ھەسەت قىلىدۇ. نەۋائى قەلىمى ئاستىدىكى مانا مۇشۇنداق يۇرتنىڭ خاقانى بولسا تەختى يەتتە قەۋەت ئاسمانچە، قوشۇنلىرى قۇم بەلكى يۇلتۇزدىن كۆپ، بايلىقى ۋە خەزىنىسى ئىران پادىشاھى ئەفرىدۇن ۋە قارۇننىڭكىدىن

يۈزمىڭ ئارتۇق، ئالىي قەسىرلىرى ئاسمانغا يەتكەن، ساخاۋىتى ئىمكاندىن ئارتۇق، دۇنيا خانلىرى ئىچىدە يەككە ـ يىگانە، ھەممە خانلار ئارا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەسۋىرلىگەن.ئۇ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازىدۇ:

شەھى ئىردى مۇئەززەم خانى ئانىڭ،
دېمە خانى ئانىڭ خاقانى ئانىڭ.

سىپاھى يەر يۈزىدە قۇم ھىسابى،
نە قۇم، گەردۇن ئۇزە ئەنجۇم ھىسابى.

تەجەممۇل ئاندا ئافرىدۇنچە يۈزىنىڭ،
خەزانە مەخزەنى قارۇنچە يۈزمىڭ.

دېمە كاندىن، دېگىل ئىمكاندىن ئارتۇق،
نېكىم يوق ئاندىن ئارتۇق، ئاندىن ئارتۇق.

زەمانە تاق ئافاق ئەيلەب ئانى،
بارى خانلار ئارا تاق ئەيلەب ئانى.

نەۋائى تەسۋىرىدىكى خوتەن مەملىكىتى ناھايىتى قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، باي ـ باياشات، ئىلىم ـ ھىكمەتتە كامالىغا يەتكەن، ئىلىم ـ مەرىپەتلىك، خەلقى ھۈنەردە پىشقان، چۈەر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. بانىي، مانىي، قاران قاتارلىق چىن ئۇستىلىرىنىمۇ تەڭداشسىز ھۈنەر ئەھلى قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ خوتەن ھەققىدىكى مەدھىيىسىنى يەنە بىر بالداق يوقىرىلىتىدۇ. مەسىلەن:

سۈمەنبەرلەر بارى زىبا ۋۇ نازۇك،
ھۈنەرۋەرلەر بەغايەت چۇستۇ چابۇك...

قىلىپ تۈننى يۇرۇق، كۈننى قاراڭغۇ،

سۇدىن ئۇت ياندۇرۇپ، ئوتتىن سىپىپ سۇ.

كۆكەرتىپ شۈئىلەلىق ئوتتىن سىپەندان،
ئاسىپ ئۆرگەمچى تارى بىرلە سەندان.

خىتا مۇلكىدە ئېردى ئىككى ئۇستاد،
ئىكەۋلەن تەۋئەمانلىق بىرلە ھەمزاد،

لەقەبدە بىرى بانى، بىرى مانى،
مۇنى كۆرگەن تەسەۋۋۇر ئەيلەب ئانى.

قىلىپ مىئمارلىق بانى ئىشىن فاش،
كېلىپ مانى خىتا مۇلكىدە نەققاش.

دەي ئۇستادى نېچۇككىم زەرگەرى چىن،
زىلال ئەتفالى لەۋھىن قىلدى سىيمىن.

نەۋائىنىڭ فەرھاد تىلىدىن بەرگەن چىن ھەققىدىكى تەسۋىرى ئاجايىپ بەدىئىي يۈكسەكلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇ قۇرلاردىن نەۋائىنىڭ چىنغا بولغان كۈچلۈك ھىسياتى ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

خوتەن مۇلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،
سەۋادى ئۇزرە جەننەت جان فىشاندۇر.

گەر ئاندا سەير بولسا ئىختىيارىڭ،
خالايىق جانىبى تۈشسە گوزەرىڭ....

ئۆتەردە جىلۋە گاھىڭ بولغۇسىدۇر،

ياناردا خاكراھلىك بولغۇسىدۇر .

چىن خاقانىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى فەرھاد ئۆچۈن تۈت پەسلگە تەققاسلىنىپ سالدۇرغان بەھەيۋەت، گۈلگۈن قەسىرلىرى نەۋائىنىڭ خوتەن ھەققىدىكى تەسۋىرىنىڭ ئەڭ يارقىن نوقتىسىدۇر. بىز مۇشۇ ھەقتىكى بايانلاردىنلا نەۋائى قەلىمى ئاستىدىكى خوتەن مەملىكىتىنىڭ نەقەدەر كامالەتكە يەتكەن بىر ئەل ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ يېتەلەيمىز. ئۇ، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى جەلىپكار مىسرالارنى يازىدۇ:

قايۇ ھەر قەسىر، بىر ئەيۋان سىپېھرى،

نەسۇرەتخانەكىم ھەر شەمسە مېھرى.

تۆگەندى زىب ئارا باغى ئېرەمدەك،

قايۇ باغى ئېرەم بەيتۇل ھەرەمدەك...

كۆرۈپ باغىدا يۈز تۈرلۈك ئاجايىب،

تاپىب قەسرىدە مەڭ ئانچە غەرايىب...

ئۆي ئالتۇن، فەرشى ئالتۇن، تامى ئالتۇن،

مەي ئالتۇن، زەرفى ئالتۇن، جامى ئالتۇن.

نەۋائى ئۆز داستانىنىڭ باش قەھرىمانى فەرھادنى ئەنە شۇنداق كاتتا ئەلدىن، گۈزەل دىياردىن تاللىغان بولۇپ، نەۋائى تەسۋىرىدىكى خوتەن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە فەرھادنىڭ ئوبرازىنى تېپىكلەشتۇرۇش، يارقىنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم ئوينايدۇ.

نەۋائى«فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا، ئۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى تەپسىلى توپلاپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ «خەمسە»دىكى قوشۇمچە ئوبزار بولغان فەرھادنى باش قەھرىمانلىققا تاللاپ، قانخورلۇق بىلەن نام ئالغان خۇسرەۋنى سەلبىي ئوبراز قىلىپ يازىدۇ. «مانا بۇ نەۋائىينىڭ خەمسە ئىجادىيىتىدىكى يىڭىچە بەدىئىي مىتود، يىڭىچە ئۇسلۇب، يىڭىچە پىكىر، يىڭىچە تەرىققىيات بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.» داستاندىكى فەرھاد ئوبرازى تولىمۇ يارقىن بىر ئوبراز بولۇپ، ئۇ ھەممە جەھەتتىن يېتىشكەن قابىلىيەت ئىگىسى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. «دەرھەقىقەت، نەۋائىنىڭ فەرھادى ئەڭ ئالىيجاناب

ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، پەۋقۇلئادە كۈچ ـ قۇدرەت، ئەقىل ـ ئىدراك، ئىلىم ـ ھىكمەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە شەخس«.

نەۋائىينىڭ بۇ داستانى تۆۋەندىكى ۋەقەنى باشلانما قىلىدۇ:

چىن خاقانىنىڭ ھەددى ـ ھېساپسىز بايلىق، خەزىنىسى، بىقىياس كۈچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، ناھايىتى پەرىشان ئىكەن. خۇدادىن بىر ئوغۇل تىلەپ پەرياد قىلار ئىكەن. فەرھاد ئەنە شۇ چىن خاقانىنىڭ ھاسىلى مۇرادى بولۇپ، ئۇ خاقانى چىن ئوردىسىنىڭ قۇياشى، خاقانىنىڭ ئۈمىدى ئىكەن. نەۋائى بۇ ھەقتە توختىلىپ، فەرھادنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئوغۇلسىزلىقدىن ئولدى بۇ شكەنجىم،
كى ھەق دەفئ ئەيلەگەي بۇدەردۇ رەنجىم.

بۇ ئېردى مۇتتەسىل گۇفتۇ شۇنىدى،
خۇدايىدىن بىر ئوغۇل ئېردى ئۈمىدى...

چۇ خانىنىڭ بۇ ئېردى مۇددەئاسى،
ئىجابەت قۇربىنى تاپتى دۇئاسى.

شەبىستاندا تۇغدى بىر ياڭى ئاي،
ياڭى ئاي يوقكى، مىھرى ئالەم ئاراي.

فەرھاد تۇغۇلۇشىدىلا ماڭلىيىدا سۆيگۈ نۇرلىرى، چېھرىدە ۋاپا تامغىسى، نەپسىدە ئاھ تۇمانىدىن خەۋەرلەر بېلىنىپ تۇرغۇچقا، ئۇنىڭغا مۇشۇ سۈپەتلەرگە لايىق ھالدا بەش سۆزنىڭ باش ھەرپىدىن تۈزۈلگەن فەرھاد دېگەن ئىسمنى قويۇشقان.

ئاڭا فەرزانە فەرھاد ئىسىم قويدى،
ھورۇفى مەئخەزىن بەش قىسىم قويدى.

فىراقۇ رەشكۇ ھەجرۇ ئاھ ئىلە دەرد،

بىرەر ھەرپ ئىبتىدادىن ئەيلەبان فەرد.

يەنى فەرھاد سۆزىدىكى ‹ف› ھەرپى ـ فىراقتا، ‹ر› ھەرپى ـ رەشككە، ‹ھ› ھەرپى ـ ھىجرانغا، ‹ا› ھەرپى ـ ئاھقا، ‹د› ھەرپى ـ دەرتكە ئىشارەت قىلىنغان .

نەۋائىنىڭ فەرھادقا يۈكلىگەن ئەڭ تۈپكى ئىدىيىۋى ئاڭ ئىشقتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەتتاكى فەرھادنىڭ تىلى چىققاندىن باشلاپلا سۆزلەيدىغىنى ئىشق ۋە ئۇنىڭغا ئائىت رىۋايەتلەر بولغان.

چۇ ئۈچ ياشغە چەكتى دەۋرى ئەفلاك،
تەكەللۇم قىلدى ئانداقكىم دۇرى پاك.

سۆزى بارى بولۇپ ئەفسانەئى ئىشق،
مەقامۇ مەسكەنى كاشانەئى ئىشق.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىر نوقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپلىش نەۋائى ئىدىيىسىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىر ھالقىدۇر. نەۋائى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىشق ماھىيەتتە سوپىزملىق نەزىرىيەلەردىكى «ئىشق» تەلىماتى بولۇپ، بۇ تەلىمات سوپىزم دۇنياسىدىكى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوپىستىك ئىدىيە ھىساپلىنىدۇ. بۇ نەزىرىيەنى توغرا چۈشەنگەندىلا ئاندىن فەرھاد ئوبرازىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ھىس قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز سوپىزمدىكى ئىشق نەزىرىيىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

«ئىشق» سۆزى ئەرەپچىدە «مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش» دىگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، «بىر ئادەمگە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھېسسىي تويغۇلىرىدىكى سۆيگۈ ۋە قىزغىنلىقىغا سىڭىپ كىرىش»نى كۆرسىتىدۇ. ئىشق تەلىماتى تەرەققىي قىلىپ سوپىزمنىڭ زاھىدلىق باسقۇچىدىن نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىسى بولۇپ قالغان. سوپىزمنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدىكى نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر مۇشۇ نەزەرىيىنى مەركەز قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، «ئىشق ـ تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىدىيىۋى تۈرتكە ئىدى.» ئىشق تەلىماتى سوپىلارنىڭ قاراشلىرىغا ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىشق ھەققىدە جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

»ئىشق بىزگە رەھنامە، راۋانىمىزدۇر،

بىزنى ئىشق تۇغقاندۇر، ئىشق ئانىمىزدۇر «.

سوپىزمدىكى ئىشق تەلىماتىنى بەسرەلىك سوپى رابىيە ئاداۋىيە(717 ـ 801) ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئىشق ناھايىتى خالىس ۋە پاك ھالدىكى «ھۆسنى مۇتلەققە(ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ) بولغان چىن ئىشق» بولۇپ، سوپىزمدا ئىنسانىنىڭ مەقسىتى ھەقنى تونۇش ۋە ئۇنى بىلىش بولۇپ، ھەقنى كۆرسىتىدىغان مۇتلەق گۈزەللىك ـ ئاللاھقا يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ـ ھېچنېمە ئۈمىد قىلمىغان ياكى ھېچنىمىدىن پاناھ تىلىمىگەن ئاساستا، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدىكى خالىس نىيەتلىك چەكسىز ئىشق ئىدى. رابىيە بىر ئۆمۈر تويى قىلمىغان بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئەسلىدە قوللۇققا سېتىۋېتىلگەن بولۇپ، خوجايىنى ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان تەقۋادارلىقى، چىن ئىخلاسى ـ ئىشقىدىن تەسىرلىنىپ ئازاد قىلىۋەتكەن. رابىيەنىڭ «ھۆسنى مۇتلەق» بولمىش ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ھەرقانداق ئۈمىد ۋە تەمەدىن يىراق بولغان ساپ ئىشق بولۇپ، ئۇ ئاللاھقا جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ ياكى دوزاخ ئوتىدىن قورقۇپ ئىبادەت قىلمايدۇ، بەلكى جەننەت ۋە دوزاخ ئاللاھنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا ئەرزىمەسلا بىر نەرسە. ئۇ ئاللاھقا پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى ئۈچۈنلا بويسۇنىدۇ. ئىبنى ئاتانىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، رابىئە ئۇ ئىشق ئادىمى. بۇ خىل روھ سوپىزمدىكى ئەڭ ئالىي روھ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل روھ، يەنى «ئىشق چۈشەنچىسى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭىپ كەتكەن.» بولۇپ، ئاللاھنىڭ ۋىسالى ئىشقنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى، بەلكى ئىشق ھەق ئۈچۈن ئۆلچەم.»

رابىئەنىڭ ئىشق تەلىماتى دەسلەپتە ناھايىتى ئاددى بولۇپ، «ئۇنىڭ ئىشقنى مەركەز قىلغان مىستىك تەلىماتلىرى كېيىنكى سوپىلار تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.» بۇنىڭغا زۇنۇن مىسرىينىڭ «ھۆسنى مۇتلەق»كە يېتىش ئۈچۈن، ئۇنى بىلىش، تونۇشنى چۈشەندۇرگەن، ئاللاھنى تونۇش ئەقلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس، ئىشقنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، دېگەن ئاڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەن ـ «مەئرىفەت» قارىشىنى، «مەئرىفەت» قارىشىدىن راۋاجلىنىپ چىققان سەرىيىي سەكاتىنىڭ ئىشقتىن مەست بولغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىشققا بېغىشلىغان ئاشىقلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولمىش «تەۋھىد» قارىشىنى، بەيازىد بەستامىنىڭ ۋۇجۇدى ئىشق بىلەن تولغان ئاشىقنىڭ ئۆزلۈكنى يوقۇتۇپ، ئۆز مەشۇقى ئاللاھ ئىچىدە يوق بولۇپ كېتىشنى ئاساسي مەزمۇن قىلغان «فەنا» قارىشىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

سوپىزمدا ئىپادىلەنگەن ئىشق ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئىلاھي ئىشق ۋە مەجازى(ئىنساني) ئىشقتىن ئىبارەت. ئىلاھي ئىشقلا ھەقىقي ئىشق بولۇپ، مەجازى ئىشق ئەنە شۇ ئىلاھي ئىشقا يېتىشنىڭ ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. يەنى «مەجازى ئىشق ئارقىلىق ئىلاھي ئىشققا يەتكىلى بولىدۇ. مەجازى ئىشقتىن مەخسەت يەنىلا ئىلاھي ئىشق»تۇر. «ئىنسانىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئەبەدىي ئىشقىنىڭ ئىشقا ئېشىش ۋاستىسى ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا، دۇنياغا

بولغان ئىشق ـ مۇھەببىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» ئىنساننىڭ ئىشق يولىنى تۇتۇپ، ئاللاھدىن باشقىنى تەرك قىلىش، ئاللاھنىلا ياد ئېتىش ئۇنىڭ روھىي كامالەتكە يېتىش يۈزلىنىشى بولۇپ، بۇنىڭدا ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت بىلەن ئاللاھنىڭ گۈزەللىكى ئەڭ كۆپ مۇجەسسەملەنگەن ئىنسانغا بولغان سۆيگۈ گىرەلىشىپ كېتىدۇ. سوپىزملىق ئىدىيىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە، شېئىرىي ئۇسلۇب بىلەن ئاللاھقا بولغان ئىشقنى ئىپادىلەش مەيدانغا چىقتى. مىسىرلىق ئالىم زەكى مۇبارەك بۇ توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «دەسلەپىدىلا شېئىرىيەتنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاستىسى قىلغان تەسەۋۋۇپ ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەدەبىياتنى مەيدانغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ ئەرەب، پارس، تۈركىي خەلقلەردە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ناھايىتى گۈللەنگەن». كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ياردىن ئىبارەت سىمۋۇللۇق ئوبراز ئەنە شۇ ئىشق تەلىماتىنىڭ ئەدىبىياتىمىزدىكى تەسىرىنى ئىپادىلەپ بىرەلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتىمىزدە ئاساسىي مەزمۇن ئىشق ـ مۇھەببەت بولغان بولۇپ، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ ـ خىل قاراشلىرىنى ئىشقنى مەركەز قىلىپ ئىپادىلەپ كەلگەن. چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەۋرىدىن باشلاپ «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسگە خاس چۈشەنچىلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسى‹ئىشق › ئىدى.» ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «يار تەسەۋۋۇپ تىلىدىكى ئالاھىدە مەنە بىرىلگەن خاس ئىبارە بولۇپ، ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلاھىي ئىشق بىلەن باغلانغان ئاللاھنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى سىمۋولىدۇر.» بۇنىڭغا ئوخشاش سوپىزمدا مەخسۇس مەنىدە، تىرمىن تەرەققىيسىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەردىن يەنە جانان، مەھبۇب، مەشۇق، دىلبەر، نىگار، دىلرەبا دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس ئاللاھنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن شۇنداقلا يۈز، قاش، لەۋ، كىرپىك، كۆز، خال قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ ئاشقى كۆرۈنىشىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى جانلاندۇرۇش، ئوخشۇتۇش، سۈپەتلەش ۋە مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىشق تېمىسى بىلەن باغلانغان گۈزەل يار، «مەن»نىڭ مەشۇقى بولغان ئاللاھ ئوبرازىنى ياراتقان. چۈنكى ئىشق تەلىماتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن «ئاللاھ گويا بىر گۈزەل يار، مەشۇق سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقەت بىغەرەز ھالدىكى چەكسىز ئىشق بىلەنلا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن دەپ قارالدى«.

چىن خاقانى فەرھادنى ياخشى تەربىيلەپ، ئۆزىنىڭ يارامىلىق ئورۇنباسارى قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى بىلىملىك، ئىلمدە توشقان بىر ئۇستازنى فەرھادقا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ بېرىدۇ. فەرھاد شۇ قەدەر ئۆتكۈر زېھىنلىك، ئەقىللىق ئىكەنكى، بىرلا كۆرگەن نەرسىنى دەرھال كۆڭلىگە نەقىش كەبى پۈتىۋالاتتى. ئون ياشقا كىرگەندە، ئۇ ئىگەللىمىگەن، تېگىگە يېتەلمىگەن ئىلىم قالمىغان. ھەتتا ئون ياشلىق فەرھادنىڭ بوي بەستىمۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمۇ 20 ياشلىق يىگىتلەردەك ئىدى. بۇ مەزمۇنلار داستاندىكى تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

ئەگەر بىر قاتلا كۆردى ھەر سەبەقنى،
يانا ئاچماق يوق ئېردى ئول ۋەرەقنى.

نې سۆزنىكىم ئوقۇپ كۆڭلىگە يازىب،
دېمە كۆڭلىگە، جان لەۋھىغا قازىب...

جاھاندا قالمىدى ئول يەتمەگەن ئىلىم،
بىلىم تەھقىقنى كەسەپ ئەتمەگەن ئىلىم.

بولۇب ئون ياشقا ئۆمرىنىڭ مۇرۇرى،
يىگىرمە ياشچە قەددۇ جىسمى زورى.

بۇنىڭدىن كىيىن فەرھاد ئەلەم ئۆگۈنىشكە كىرىشكەن بولۇپ، ئوقىيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، ئات مىنىش، بىناكارلىق، مىمارلىق قاتارلىق ماھارەتلەرنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن. لېكىن ئەلەم ۋە قەلەمدە شۇ قەدەر يۈكسەكلىككە يەتكەن فەرھاد ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، ئۆزىنى بەك تۆۋەن تۇتاتتى. ئۆزىنىڭ شاھزادىلىكىنى، بىلىم، ماھارىتىنى پەش قىلىپ، باشقىلارغا تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى. ئەمما، ئۇ دائىم ئاھ چېكىپ، پىغان ئورۇپ يۈرۈيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا زاھىر بولغان توغۇلما ئىشق سەۋداسى ئۇنى ئەنە شۇنداق غەمكىن قىلىپ قويغان. چىن خاقانىنىڭ تۆت ھەيۋەتلىك قەسىر سالدۇرۇپ، ئۇنىڭدا فەرھادنى كۆڭلىنى شاد قىلىشقا ئورنىنىشمۇ بىكارغا كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىشقتىن باشقىنى ئەسلا خىيال قىلماس ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ شاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ تېخى ياش، خاراكتېرىنىڭ بۇنىڭغا ماس ئەمەسلىكىنى سەۋەب قىلىپ رەت قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە نەۋائى مۇنداق يازىدۇ:

ئىرۇر بارى ھۈنەر ئىچرە كەمالى،
تەمامى ئەيبلەردىن زاتى خالى.

يىغىيۇ نالەۋۇ ئەفغاندىن ئۆزگە،
كى يوقتۇر ھىچ ئەيىبى ئاندىن ئۆزگە...

كېرەكمەس ئېردى تەبئى مۇنچە سافى،
كى بولغاي سەلتەنەتغە ئول مۇنافى.

بىراۋكىم ئالەم ئىچرە شاھ كەلمىش،
ئولۇس باشىغە زىللەللاھ كەلمىش.

ۋەلى چۇن مەن ھەقىرۇ ئىش ئۇلۇغدۇر،
بۇ سۆز ئەرزىن زەرۇرەت قىلغۇلۇغدۇر.

بۇ مىسرالار فەرھادنىڭ ناھايىتى كەمتەر، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، ئالىيجاناب خىسلىتىنى نامايەن قىلىپ بەرگەن بولۇپ، نەۋائى غايىسىدىكى ئوتتۇپىيەنىڭ بىر تەرىپى ئىدى.
ئۇ دۇنيانى كۆرسەتكۈچى ئىسكەندەر ئەينىكىگە يۇشۇرۇنغان تىلسىماتنى ئېچىش ئۈچۈن يۇنان ئەلىگە بارىدۇ ۋە ئۇيەردە ئەجدىھار غارىدىن پەرىدۇن خەزىنىسىنى تاپىدۇ. سولايمان ئۈزۈكىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. سوقرات تېغى تىلسىمىنى يېشىدۇ. بۇ ھەقتىكى بايانلاردىن فەرھادنىڭ ئىرادىلىك، جەسۇر خاراكتېرى نامايەن بولىدۇ. فەرھاد جاھان ئەينىكىدىن ئەرمەن مەلىكىسى شىرىننى كۆرۈپ قالىدۇ. فەرھاد ئوبرازىنىڭ ئەڭ تىپىك خاراكتېرى مانا مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ .

ئانىڭ رۇخسارىغە چۇن باقتى تىمسال،
تەنى تىمسال يەڭلىغ بولدى بىھال.

يارالىق سەيد يەڭلىغ نالە قىلدى،
بۇ يەڭلىغ نالە چۇن قىلدى، يىقىلدى...

چېكىپ فەرھاد ئۆز تىمسالى يەڭلىغ،
يىقىلدى جىسمى جاندىن خالى يەڭلىغ.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن فەرھاد ئىشق سەۋەبىدىن قاتتىق دەردلىنىدۇ ۋە چىرايى سارغىيىپ، قەددى پۈكۈلۈپ كېتىدۇ. خاقان فەرھادنى بۇ ھالدىن قوتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن، دېڭىزغا سەپەر قىلىدۇ. كۈتۈلمىگەندە سەپەردە بوران

چىقىپ، خاقان بىلەن فەرھادنى ئايرىۋېتىدۇ. خاقان چىن مەملىكىتىنىڭ قىرغاقلىرىغا تاشلىنىدۇ. فەرھاد بولسا بىر تاختاي ئۈستىدە لەيلەپ يەمەن مەملىكىتىگە بېرىپ قالىدۇ. بۇ يەردە قاراقچىلارنى يوقىتىپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ ۋە سودىگەرلەر كېمىسىگە چىقىۋالىدۇ. دېڭىزدا ئۇ شاپۇر بىلەن دوستلىشىدۇ. كېيىنكى ھايات مۇساپىسىدە ئۇ فەرھادقا كۆپ ياردەمدە بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، فەرھاد يەمەن مەملىكىتىدىن ئەرمەن دىيارىغا بارىدۇ. ئۇ يەردە پەرىدۇن ئەۋلادلىرىدىن بولغان پادىشاھ مىھرىبانۇنىڭ سىڭلىسى ئۈچۈن ئېگىز تاغ چوققۇسىغا سېلىنغان ئالىي قەسرىگە سۇ ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىدۇ. ئۇ ئەھۋالنى ئوقۇپ، ئۇلارنى بۇنداق قاتتىق ئەمگەكتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئىشلەشكە كېرىشىپ كېتىدۇ.

كى ئەيلەب چاك مىتىن بىرلە خارا،
ئارىق قىلغايلار ئانداق ئاشكارا...

ئېرۇر ئۈچ يىلكى جان تارتىپ ھەمىشە،
ئۇشالماي قالمادى مىتىنۇ تىشە...

مەشەققەتتىن يىگىتنى ئەل قارى دەرلەر،
كى قازىلمىش ئىككى-ئۈچ يۈز قارى يەر...

چۇ مىھنەتنىڭ ھەدۇ پايانى يوق،
تۈگەنمەكلىك بۇ ئىش ئىمكانى يوق...

چۇ كەيفەتنى مەفھۇم ئەتتى فەرھاد،
ئۇلار ھالىغا كۆڭلى بولدى ناشاد...

كېسىپ ھەرتىشەسى قىلغاچ خاراشى،
فەلەك پىلى يۈكىدەك پارە تاشى.

چۇ مىتىن زەربىدىن ئەيلەب سىتىزە،
قاتىغ خارانى ئەيلەب زىرە-زىرە.

يوقىرىقى مىسرالاردا فەرھادنىڭ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك، ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى نامايەن بولىدىغان بولۇپ، ئۇ مېھرىبانلىرىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆزى ئىزدەۋاتقان شىرىن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئېغىر ئەمگەك تۈپەيلىدىن زارلىنىۋاتقان كىشىلەرگە ياردەملىشىپ، ئۆزىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە پىششىق ئىگەللىگەن ھۈنەرلىرىگە تايىنىپ، ئېرىق ئېلىپ قەسرگە سۇ باشلاپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مېھرىبانۇ ۋە شىرىن فەرھادنى كۆرگىلى كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاندىن فەرھاد شىرىننى تونۇيدۇ ۋە ئاھ دەپ ھوشىدىن كېتىدۇ. بۇ ئوتلۇق مىسرالار نەۋائى قەلىمىدە مۇنداق شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ:

نې ئاڭلايكىم قايۇ مەھرۇ ئىكەنسەن،
ئىچىم قان ئەيلەگەن سەن مۇ ئىكەنسەن.

مىنى غۇربەت ئارا بىچارە ئەتكەن،
دىيارۇ مولكىدىن ئاۋارە ئەتكەن.

چىقىپ جانىم ئۇنىڭدىن بولغاچ ئاگاھ،
يۈزۈڭنى كۆرمەي ئۆلدۈم، ئاھ، يۈز ئاھ.

جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن، فەرھاد تاش ئۈستەڭنى پۈتكۈزۈپ، ئەرمەنىيە تاغ باغرىدا «بەھرۇن نىجات»يەنى نىجات دېڭىزى ناملىق كۆلنى قازىدۇ. ۋە بۇ قەسردە شىرىن بىلەن لەززەتلىك سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ۋىسالدىن شاتلىنىدۇ. ئەمما مۇشۇ ۋاقىتتا قانخور خۇسراۋ پەرۋىز شىرىنگە ئەلچى كىرگۈزىدۇ. ئەمما رەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خۇسرەۋ لەشكەر تارتىپ ئەرمەنىيە قۇرغاننى مۇھاسىرە قىلىدۇ. فەرھاد بولسا ئۆزى يالغۇز ھالدا قەلئە سىرتىدىكى بىر قىيا تاش ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭگە تەييارلىنىدۇ.

تاپىب ئول قەلئەنىڭ تاشىدا بىر تاش،
كىم ئول كۆك قەلئەسىدىن ئۆتكەرىب باش.

تۇتۇپ ئېردى ئانىڭ ئۈستىدە مەسكەن،
كى بولغاي رەزم ۋەقتى خارە ئەفكەن...

فەرھاد خۇسرەۋ بىلەن بولغان مۇنازىلەردە ئۇزىنىڭ ئۈتكۈر جاۋابلىرى بىلەن خۇسرەۋنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. بۇ قۇرلاردىن فەرھادنىڭ مەرد ـ مەردانىلىكىنى، ئىلىم ـ ھېكمەتتە تولغان، پاراسەتلىك، باتۇر خاراكتېرىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

فەرھادنى جەڭدە يېڭەلمىگەن خۇسرەۋ نامەردلىق قىلىپ، ھىيلىگەر ئارقىلىق ئۇنى قولغا چۈشۈرىدۇ. فەرھادنىڭ ئۈتكۈر جاۋابلىرىدىن مات بولغان خۇسرەۋ ئۇنى ئۆلتۈرمەي، سەلاسىل قورغىنىغا بەنت قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىيىن شارائىت ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر كۆرستەلمەيدۇ. بەلكى فەرھاد ھىجران غېمىدە پەرياد ئۇرىدۇ، بىھال بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا مەكتۇپ يېزىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان زالىم خۇسرەۋ زەھەرخەندىلىك بىلەن فەرھادنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، بىر ھىيلىگەر مۇماينى ئەۋەتىدۇ. بۇ جادۇگەر ئاقىز بىر مۇماي سۈپىتىدە فەرھاد بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا يالغاندىن مېھرىبانۇنىڭ خۇسرەۋ بىلەن ياراشقانلىقىنى ۋە شېرىننى ئۇنىڭغا بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقىنى، بۇنىڭغا نازارى بولغان شېرىننىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن چەكسىز ئازابلانغان فەرھاد ھىجران چۆللىرىگە سەپەر قىلىدۇ. كۆز يېشىنى سەلدەك ئاقتۇرۇپ، بىھۇش بولىدۇ. باشلىرىنى تاشقا ئۇرۇپ، كۆسىنى پارە ـ پارە قىلىدۇ ۋە ئاخىردا ئىشق پىراقىدا قەبزى روھ قىلىدۇ. شېرىنمۇ فەرھادنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق دىل ئازار يەيدۇ ۋە دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ شاھلىق تەختىگە چىققان شېرۇيەنى ئالداپ، فەرھادنىڭ سۆڭىكىنى ئەرمەنىيە تېغىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى قۇچاقلاپ، فەرھادنىڭ تېنىگە تېنىنى، جېنىغا جېنىنى قوشىدۇ. داستان ئاجايىپ بىر تراگېدىيىلىك گۈزەللىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. نەۋائى ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تراگېدىيسىنى ئاجايىپ بىر بەدىئىي دىت بىلەن خۇلاسىلەپ بېرىدۇ:

كى جانىكىم ئانىدادۇر، جانان ۋافاسى،
نېچۈك قىلغاي ئانى دۇشمەن فىداسى.

قۇلاق ئىشق ئەھلى سالماس بويلە سۆزگە،
كى شاھ ئۆزگەدۇر، ئاشىقلىق ئۆزگە.

كېرەك ئاشىققا جان ـ جانان فىداسى،
تىلەر ئول قىلسا جانان فىداسى.

دېمەككى، نەۋائى فەرھادنى شۇقەدەر بەدىئىيلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇكى، «ئۇنى بارلىق قابىلىيەت، پەزىلەت، ئەردەم ـ مەرىپەت، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەمگەك ـ سەنئەت ئەھلىنىڭ يارقىن تىمسالى، مۇھەببەت ـ ۋاپا، ساداقەت،

چىن دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي نامايەندىسى قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.» يىغىپ ئېيتقاندا، فەرھاد ئۇبرازى نەۋائى ئارزۇسىدىكى ئاشۇ ئىدىئال ھاياتنى رويابقا چىقىرىشتەك ئەزگۈ ئارزۇسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئىزاھاتلار:

»تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، چىن ۋە ماچىنغا ئالاقىدار ئۇچۇرلار تەخمىنەن 40 يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلى تەھلىللەر ئۇچۇن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قەدىمقى مەركىزى ئاسىيا» دېگەن كىتابىدىكى مۇناسىۋەتلىك بابلارغا قاراڭ؛

ئىمىن تۇرسۇن «نەۋائى ۋە خوتەن»، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 5 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 134 ـ بەت؛

مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىمۇۋ(قازاقىستان) «خوتەن ـ كلاسسىكلار نەزمىسىدە»، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 13 ـ توم، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 341 ـ بەت؛

مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىمۇۋ(قازاقىستان) «خوتەن ـ كلاسسىكلار نەزمىسىدە»، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 13 ـ توم، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 345 ـ بەت؛

ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات «ئەسىرلەر ئابىدىلىرى ـ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 456 ـ بەت؛

مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىمۇۋ(قازاقىستان) «خوتەن ـ كلاسسىكلار نەزمىسىدە»، ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، 13 ـ توم، شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 345– بەت؛

بۇ سۆزلەردە نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ماھىيەتتە بىر پۈتۈن فەرھاد ئوبرازىمۇ نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. ئەمما نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى مۇستەقىل بىر تېما بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ماقالىدا بۇ ھەقتە ئارتۇقچە پىكىر بايان قىلمايمىز.

فەتتۇللا گۈلەن «سوپىزم ئىدىيىسى ـ ئىسلامنىڭ قەلب مۇساپىسى[M]«، دىلى شىجىڭ تەرجىمىسى، تەيۈەن ئۈمىد بولاق نەشرىياتى، 2005 ـ يىل مۇرەككەپ خەنزۇ يېزىقى نەشرى، 221 ـ بەت؛

ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى [M]«شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتىتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 31 ـ بەت؛

»جالالىددىن رۇمى شېئىرلىرىدىن [J]«جاپپار ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان، بۇلاق، 1991 ـ يىل3 ـ سان، 88 ـ بەت؛

ھۆرمەتجان فىكرەت «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى ،2001 ـ يىلى11 ـ ئاي نەشرى ، 28 ـ بەت ؛

ئەبۇ ۋافا ۋۇنامى «سوپىزمغا سەپەر ـ ئىسلام سوپىزمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، فەن شىچاڭ تەرجىمىسى ، داۋا تەتقىقات ئورنى باستۇرغان ئىچكى ماتېرىيال ، 2005 ـ يىل 2 ـ ئاي خەنزۇچە باسمىسى ، 82 ـ بەت ؛

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى ، 233 ـ بەت ؛

رادىي فىش «جالالىدىن رومى» ئۆزبېكچىدىن ھاكىم مۇسا ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2003 ـ يىل9 ـ ئاي نەشرى ، 100 ـ بەت ؛

ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت «‹مەسنەۋى خاراباتى›دا ئىشق تەلقىنى» [J]«مۇنبەر» ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 4 ـ سان ؛

ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى [M]«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى ، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى ، 28 ـ بەت ؛

ئىقبال توسۇن «ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى ، ئۆلۈم كۈلپىتى [M]«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتتى نەشرىياتى ، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى ، 320 ـ بەت ؛

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى ، 230 ـ بەت ؛

غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئەدەبىياتى» 2 ـ قىسىم ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى ، 339 ـ بەت ؛

نەزىرە مۇھەممەد سالىھ «شەرق يۇلتۇزلىرىنى ئىزدەپ» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى ، 233 ـ بەت ؛

ئىمىن تۇرسۇن «نەۋائى ھەققىدە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى ، 93 ـ بەت ؛

بۇ ماقالە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# ئەلىشىر ناۋايى ھەققىدە

تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى تورى ماقالىسى:

«تۈركىيە ئاۋازى رادىيوسى تورى»نىڭ «ئىنسانىيەت تارىخىدا تۈركلەر» پروگراممىسىنىڭ ماقالىسى :

ئەلشىر ناۋايى بىر ئالىم ۋە دۆلەت ئەربابى بولۇش بىلەن بىرگە، ئەدەبىيات دۇنياسىدىمۇ ئەڭ كاتتا شۆھرەت ياراتقان ئالىم بولۇپ، ئۇ شېئىرلىرىنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن يېزىش ئارقىلىق مىللىي ئەنئەنىمىزگە چوڭ تۆھپە قوشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، ئىنتايىن كۈچلۈك تۈركچىلىك ئىددىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئەرەبچە ۋە پارىسچىنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغان تۇرۇپمۇ، شېئىرلىرىنى تۈركىي تىلدا يازغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا بارلىق تۈرك ئالىملىرى ۋە شائىرلىرى دېگۈدەك ئەرەبچە ۋە پارىسچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى شۇ تىللاردا يېزىشاتتى. مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىمۇ دەل شۇ خىلدىكى ئالىملىرىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، مەدرىسىلەردە ئەرەبچە ۋە پارىسچە دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقى ھەمدە ئەسەرلەرنىڭ تۈركىي تىلدا يېزىلماسلىقى ئىدى. بۇنداق شارائىت ئاستىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئالىم ۋە شائىرلىرىمىزلا شېئىر ۋە ئەسەرلىرىنى ئۆز تىلىدا يېزىشنى ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭ شەرەپ ھېسابلايتتى. مانا بۇ خىل يولنى تۇتقان زاتلاردىن بىرسى دەل ئەلشىر ناۋايى ئىدى. تۈركىي تىلنىڭ ئىنچىكىلىكلىنى ۋە نەقەدەر كاتتىلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئەلشىر ناۋايي بۇ يولدا ئاجايىپ چوڭ خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. تۈركچىلىك ئىدىئولوگىيەسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بايراقدارلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە زور تۆھپىلەرنى قوشتى. دەرۋەقە، ھەر قانداق بىر تىل شۇ مىللەتنىڭ كىملىكىنىڭ ۋە ئۆزلۈكىنىڭ سىمۋولىدۇر. مانا بۇ نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، بۇ يولنى تۇتقان كىشىلەر بىزنىڭ ئومۇمىي مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە ۋە ئانا تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان شۇنداقلا ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىنى ئورۇندىغان توھپىكارلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلشىر ناۋايى يالغۇز شېئىرلىرىنى تۈركىي تىلدا يېزىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە، تۈركىي تىلنىڭ پارىسچىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان ئىدى. ئۇ بۇ خىزمەتلىرى بىلەن ئەينى چاغدىكى تىل ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ داھىسى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ئىسىملىك كىتابى شۇ خىل قاراشلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ئۆز ئەسرىدە «تۈرك تىلىنىڭ مۇكەممەلىكى ۋە يۈكسەكلىكى بۇنچە پاكىتلار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا يېتىشكەن شائىرلار ۋە سەنئەتچىلەر ئۆز تىللىرىنىڭ ئورنىغا يات تىللاردا شېئىر يازماسلىقى لازىم» دېيىش ئارقىلىق تۈرك تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە سۆزگە بايلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ھەمدە شائىرلىرىمىزنىڭ ئانا تىلدا شېئىر يېزىشى كېرەكلىكى ھەققىدە نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ توغرا قاراشتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەلشىر ناۋايى **1441**-يىلى ھېراتتا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئويغۇرلاردىن بولغان كىچكىنە باخشىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۆزىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسى 7 ئەۋلادتىن بېرى بارلاس ئەمىرلىرى تېمۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆمەر شەيخ مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بايقارانىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىدى. تېمۇرنىڭ ئوغلى شاھرۇھنىڭ **1447**-يىلدىكى ئۆلۈمى بىلەن باشلانغان مالىمانچىلىق جەريانىدا، دادىسى ئەلشىر ناۋايىنى ئېلىپ،

يەزد ئارقىلىق ئىراققا كەتكەن ئىدى. مالىمانچىلىق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، 1452-يىلى خوراسانغا قايتىپ كېلىپ ئەبۇل قاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىدە بولدى. بۇ مەزگىلدە بايقارانىڭ نەۋرىسى ھۈسەيىن بايقارامۇ بابۇرنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. بابۇر ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئەلىشىر ناۋايىنىڭ تەلىم-تەربىيەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بولدى. بابۇر ئۆزىمۇ شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەينى چاغدا ھەم پارسچە، ھەم تۈركچە يېزىشنى باشلىغان ئەلىشىر ناۋىينىڭ شېئىرلىرىنى ئىنتايىن ياختۇرۇپ ئاڭلايتتى. شۇڭا ئەلىشىر ناۋايى 1457-يىلىدىمۇ تېمۇر ئەمەرلىرىدىن سەييىد ھەسەن ئەردەشىرنىڭ ھامايىسىگە ئۆتۈپ ئوقۇشنى تاماملىدى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۇنىڭغا مۆھۈردارلىق ۋە دىۋان بەگلىكى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ، 32 يىلغىچە بولغان ئۇزۇن مەزگىل بويىچە ئۇنى ھېچ يېنىدىن ئايرىمىدى. بايقارا 1485-يىلى يازغان «رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ شائىرلىقىغا ۋە يېتىشكەن دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە سۆيگۈ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان ئىدى. ئەمما ئەپسۇسكى خۇددى دادىسىغا ئوخشاشلا شەپقەت قىلغان سەييىد ھەسەننىڭ ۋە ئۇنىڭ دوستى جامىنىڭ ۋاپاتى ئەلىشىر ناۋايىغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا ئۇ خانىدان ئىچىدىكى تەخت تالىشىش غەۋغالىرىنى بېسىقتۇرۇشقا زور تىرىشچانلىقلارنىمۇ كۆرسەتتى. ئۇ ھەججگە بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا بايقارا ئۇنىڭغا ئېھتىياجى بارلىقىنى ئېيتىپ رۇخسەت قىلمىدى. ئەلىشىر ناۋايى دەل مۇشۇ مەزگىلدە كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. بايقارا 1500-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئەستىرئاباد يۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەندە، ناۋايىنىڭ تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ كېتىپ ھىراتقا ئېلىپ كېلىندى ۋە ئۆز سارىيىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا سارىيىنىڭ يېنىغا ياساتقان قۇدسىيە جامىسىنىڭ يېنىغا ئالاھىدە مۇراسىم بىلەن دەپنە قىلىندى. ئەلىشىر ناۋايىنىڭ سارىيىدا 3 كۈن ئۆتكۈزۈلگەن ماتەم مۇراسىمى ۋە تۈرك ئەنئەنىلىرىگە كۆرە يەتتە نەزىرىسى ھىرات تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن داغدۇغىلىق مۇراسىملار بىلەن ئۆتكۈزۈلدى.

ئەلىشىر ناۋايى مال-مۈلكى ۋە ئائىلىسىدىن قالغان بارلىق بايلىقى بىلەن سۇلتان تەرىپىدىن تەقدىم قىلىنغان ھىراتنىڭ شىمالىدىكى زېمىندا ئۆز نامىدىن قۇدسىيە جامەسى، ئىخلاسىيە مەدرىسىسى، خالىسىيە بازىرى، شىفائىيە دوختۇرخانىسى بىلەن بىرلىكتە، قارى قۇرئان يېتىشتۈرىدىغان ياتاقلىق مەركەز ياساتتى. ئۇنىڭ خوراساننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ياساتقان مەدرىسە، كارۋان سارايى، كۆۋرۈك ۋە قەبرىگاھلاردىن تەشكىل تاپقان يالدامىلىرى 370 كە يېتىدۇ. خەير-ساخاۋەت مەركەزلىرىگىمۇ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئىئانە قىلغان ئەلىشىر ناۋايى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خوراساندا مىسالىنى تاپقىلى بولمايدىغان ساخاۋەتلىك زات، دەپمۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ.

ئەلىشىر ناۋايى 1460-يىللاردىكى شېئىرلىرىنى كېيىنچە بىر دىۋان شەكلىدە توپلاپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ ھۈسەيىن بايقاراغا سۇنغان بۇ دىۋاندىن كېيىنكى يازغان شېئىرلىرىمۇ بىر يەرگە توپلاندى. ئۇنىڭ تەخمىنەن 55 مىڭ بېيىتتىن تەشكىل تاپقان بۇ تۆت دىۋاندىكى شېئىرلىرى باللىق دەۋرى، ياشلىق دەۋرى، ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى ۋە ياشانغان دەۋرى شېئىرلىرى سۈپىتىدە يېزىپ چىقىلغان ئىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ دەسلەپكى ئۈچ دانىسى

1959 ـ يىلى، ئاخىرقىسى بولسا، 1960 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىندى.

ئەلىشىر ناۋايى يەنە 12 مىڭ بېيىت پارسچە شېئىرمۇ يازغان ئىدى. ئۇنىڭ 64 مىڭ بېيىتلىك خەمسەسىنىڭ بىرىنچى كىتابى «خەيرەتول ئەبرار»، ئىككىنچى كىتابى «فەرھاد شىرىن مەنسۇسى»، ئۈچىنچى كىتابى «لەيلە مەجنۇن» ۋە تۆتىنچى كىتابى «سەبئە سەييار» ئىدى. ئۇنىڭ بەشىنچى كىتابى بولغان «سەددى ئىسكەندىريە»دە بولسا، ئەلىشىر ناۋايى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بەدىئۈززاماننىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بۈيۈك ئىسكەندەرنىڭ ئالاھىلىكلىرىگە ئوخشاتقان ئىدى. بۇ كىتابتا يەنە چىنگىزخان، جەلالىددىن خارىزىمشاھ ۋە سۇلتان ئەبۇ سەئىد تارىخلىرىدىن ئېلىنغان ھېكايىلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدا يازغان شېئىرلىرىدىن باشقا تۇنجى ئەسىرى بولغان «چەھىل ھەدىس«، جامىنىڭ «ھەدىس ئەربەئىن (يەنى قىرىق ھەدىس)» دېگەن كىتابىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ئىدى.

ئۆز شېئىرلىرىدا چاغاتاي شائىرلىرى ئىشلىتىدىغان «تۇيۇق ۋەزنى»نى ئىشلەتكەن ئەلىشىر ناۋايى، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكۈما» ناملىق ئەسىرىدە ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، ھەزرەتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى تىپما قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ يەنە سەييىد ھەسەن ئەدەشىر ۋە پەھلىۋان مۇھەممەدكىمۇ ئالاھىدە ئورۇن ئاجراتقان كىتابلىرىدىن سىرت، ئۆز دوستى جامىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان كىتابىمۇ بار. ئۇ بۇ كىتابتا جامىنىڭ ھاياتىنى، قالدۇرغان ئەسەرلىرىنى ۋە مەكتۇپلىرىنى تونۇشتۇرغان ئىدى. ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق كىتابى بولسا، تۈرك ئەدەبىياتىدا يېزىلغان تۇنجى شائىرلار تەزكىرىسى بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ كىتاب شۇ دەۋردە ياشىغان شائىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنىڭ تۈركىي تىلنىڭ بايلىقىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ئىسىملىك كىتابى ئىنتايىن مەشھۇر. ئۇنىڭدا ئەلىشىر نەۋايى تۈركچە سۆزلەرنى پارسچە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تۈركچىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى بولغان «مەھبۇبۇل قۇلۇب»تىمۇ خەلقنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىقىلىرىگە تەۋە، بەگ، باھادۇر، قوشچى، رەسسام، سەھرالىق... ۋەھاكەزالارنىڭ ئوبرازى ئىنتايىن جانلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن ۋە تۈركىي خەلق ماقال تەمسىللىرى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىنغان ئىدى.

ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچى قېرىنداشلار! ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر رايونى، ئىراق ۋە ئانادولۇدا كەڭ تارقىلىپ ئۇزۇن زامانلارغىچە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ تۇنجى يېرىمىدا، قەشقەردىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ خاقانى شائىر سەئىدخان بىلەن فۇزۇلىمۇ ناۋايى ئۇسلۇبىدا شېئىرلارنى يازغان ئىدى. ھەتتا چاغاتاي تىلى «ناۋايى تىلى» دەپ نام ئالغان ھەمدە باشقىلارمۇ ئۇنى ئۆگۈنۈشكە تىرىشقان ئىدى. بەزىلەر تېخى ئۇنىڭ ئۆتكۈر تەسىرىدە پەقەت چاغاتاي تىلىدىلا شېئىر يازىدىغان بولۇشقان ئىدى.

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ مۇزىكا، رەسىم، بىناكارلىق ۋە خۇشخەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقى مەلۇم. مۇزىكىدا ئۇنىڭ ئۇستازى يۇسۇف بۇرھان ئىدى. مىر مۇھەممەد ئەمىر بۇخارىنىڭ مۇزىكا تارىخىغا ئالاقدار ئەسەرلىرىدە

«خوراساندىكى يەتتە بەھىر» ئۇسلۇبىنى ئەلشىر ناۋايىنىڭ قوشنىڭ سايراشلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ تۈزۈپ چىققانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇگۈنكى زاماندىمۇ خوراسان تۈركمەنلىرى بىلەن فەرغانە ۋە خارىزىم ئۆزبېكلىرى ئارىسىدا ئەلشىر ناۋايى تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنغان ناخشىلار ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا يەنە ئەلشىر ناۋايىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئەينى چاغدىكى ئاتاقلىق رەسسام، خەتتات ۋە نەققاشلار خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەلشىر ناۋىيىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ھىرات مىنياتور سەنئىتىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن ئىدى. بۇ مىنياتورلاردا تېمۇر دەۋرىدىكى ساراي تۇرمۇشى، تولۇق ۋە ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن ئىدى. ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ۋېيانا، پارىژ، ئىستانبۇل، ئىران ۋە پۈتۈن تۈركىستاندا كەڭ كۆلەمدە نەشر قىلىندى. بىز ئىنسانىيەتكە قىلغان بۇ مىسلىسىز ئۇلۇغ خىزمەتلىرى يۈزىسىدىن ئەلشىر ناۋايىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمىز.

## ناۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

تۈركىيە ئاۋازى(**26.04.2011**) رادىيوسى:

تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئەدەبىياتى ـ(**17**)

ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! ‹تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئەدەبىياتى›ناملىق پروگراممىمىزنىڭ بۈگۈنكى بۆلۈمىدە چاغاتاي تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر شائىرى «ئەلشىر نەۋايى» ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدىكى كىشىلىرىنىڭ بىرى بولغان نىزامۇددىن ئەلشىر **1441** ـ يىلى ھىرات(ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى قەدىمكى بىر شەھەر)تا دۇنياغا كېلىدۇ. ئاتىسى غىياسۇددىن بارلاس خوراسان ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەجدادلىرىمۇ تىمۇرلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلاتتى. ئەلشىر كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىرلىكتە ئوسۇپ يېتىلىدۇ. ئەلشىر دەسلەپتە ھۈسەيىن بايقارا بىلەن بىرلىكتە سۇلتان ئەبۇلقاسىمنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تەلىم ـ تەربىيە كۆرىدۇ. كېيىنچە ئەبۇلقاسىم بىلەن بىرلىكتە مەشھەتكە كېتىپ، ئۇ يەردە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. سۇلتان ئەبۇلقاسىم ۋە ئاتىسى بارلاس ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلشىرنى سەيىيد ھەسەن ئەردەشىر ھىمايىسىگە ئالىدۇ. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھىراتقا قايتىدۇ ۋە ئەبۇ سەئىد مىرزانىڭ خىزمىتىگە كىرىدۇ. ھۈسەيىن بايقارا **1469** ـ يىلى سۇلتان بولغاندىن كېيىن ئەلشىرنى سارايدا مۇھىم بىر ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ.

بىر مۇددەت سەمەرقەنتتە تۇرغان ئەلشىر، ئۇ يەردە كۆپلىگەن شائىرلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. سەمەرقەنتتە تۇرغان ئەسنادا سەمەرقەنت ۋالىيسى ۋە باشقا ئەربابلارنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغايدۇ.

1472 ـ يىلى ۋەزىرلىك مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن ئەلىشىرگە «ئەمىرۇلمۇقەررىب» ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. 1476 ـ يىلى ۋەزىرلىكتىن ئايرىلغان ئەلىشىر، 1487 ـ يىلى ئاسترابادقا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. مەشهۇر شائىر 1501 ـ يىلى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ.

باللىق ياشلىرىدىلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان ئەلىشىر، فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەير»(قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسرى، شۇنداقلا قابۇلى ۋە غەربىگە ئوخشاش شائىرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەلىشىر تۈركچە يازغان شېئىرلىرىدا «نەۋايى»، پارسچە يازغان شېئىرلىرىدا «فانى» تەخەللۇسنى قوللىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى ھەم كۈچلۈك ۋە مول ـ ھوسۇللۇق بىر سەنئەتكار بولۇپ، ئۇ شەرقنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى ناھايىتى پىششىق ئۆگىنىدۇ، تۈرك ئەدەبىياتىنى دېڭىزنىڭ تەكتىدىكى مەرۋايىتلارغا ئوخشاتقان ئانا تىلىنىڭ بەدىئىيلىكلىرى بىلەن يۈكسەك پەللىلەرگە كۆتىرىدۇ. ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىك «لەيلى ـ مەجنۇن»، «خۇسرەۋۋ شىرىن»غا ئوخشاش ئىشقى ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى تۈركلەرنىڭ روھ دۇنياسىدىكى زوقلارنى ئىلاۋە قىلىش ئارقىلىق ئەبەدىيلەشتۈرىدۇ. ئۇ ھاياتىنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىنى ئەدەبىيات بىلەن يۇغۇرغان ۋە ئىستىتىك زوقلىنىشنى پۈتۈن دۇنياغا مىراس قىلىپ قالدۇرغان بىر سۆز خەزىنىسىدۇر.

ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىدە تۈرك روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىنى تامامەن تۈرك قەھرىمانىغا ئايلاندۇرىدۇ. تۈركچىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، تۈرك تىلىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ياشىغان دەۋردە پارسچە شېئىر يېزىش مودىغا ئايلانغان بولۇپ، نەۋايى بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، تۈركچىنىڭ شېئىر تىلى بولۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ، تۈرك تىلىنىڭ پارسچىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. خوراساندا ئاچقان سەنئەت مەركىزى بىلەن پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدا نام ـ شۆھرىتى چىقىدۇ. ئەسەرلىرى ئانادولۇ، رۇمېلى، قىرىم، ئەزەربەيجان، ئىران، ئىراق ۋە ھىندىستان تۈركلىرى ئارىسىدا ئەسىرلەر بويىچە سۆيۈپ ئوقۇلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ ئارىسىدا تۈركچىنىڭ پارسچىغا سېلىشتۇرغاندا تېخمۇ باي، تېخمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىش ئۈچۈن يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرى ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالىدۇ. ئەدەبىياتىمىز شاھتىلىق قىلغان تۇنجى بۈيۈك تۈرك مىللىيەتچىلىرى بىلگە قاغان، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئەلىشىر نەۋايىدۇر.

نەۋايىنىڭ مەقسىتى تۈركلەرنى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات بىلەن بىرلەشتۈرۈش؛ تۈركلەرنى بىرلا روھ بايرىقى ئاستىغا توپلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «جاھاندا تۈرك ئەدەبىياتى بايرىقىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق تۈركلەرنى بىر مىللەتكە ئايلاندۇردۇم. پەقەت قوشۇنۇم بولمىسىمۇ، جوڭگو چېگرىسى ۋە تەبرىزگىچە بولغان بارلىق تۈرك ۋە تۈركمەن يۇرتلىرىنى پەقەت دىۋانىمنى يوللاش ئارقىلىقلا پەتھى قىلدىم.» دەرۋەقە، چاغاتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگەن دۆلەتلەردە ئىستىمال قىلىنىدىغان چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ «نەۋايى تىلى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ

سەۋەبلىرىنى ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تىرىشچانلىقلىرىدىن ئىزدەش لازىم.
تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»دىن ئارىيە سۇنىمىز.
«تۈركچىدە ئىنچىكىلىكلەر كۆپتۇر، بۇگۈنگە قەدەر ھېچكىم ھەققىي رەۋىشتە ئويلانمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نۇقتا مەخپىي قالغان. تۈركنىڭ مەلۇماتسىز، بىچارە ياشلىرى گۈزەل ھېسابلاپ پارسچە شېئىر ئېيتىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىنسان ئەگەر ياخشى ئويلىنىدىغان بولسا، تۈركچىدە بۇنچىلىك بىپايان ۋە چەكسىزلىك بار ئىكەن، بۇ تىلدا شېئىر ئېيتىشنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىق ۋە ئاسان بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.»
«تۈرك تىلىنىڭ يېتۈكلۈكى بۇ خىل دەلىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن خەلق ئارىسىدا يېتىشكەن شائىرلار، ئۆزىنىڭ تىلى تۇرۇپ يات تىلدا شېئىر ئېيتماسلىقى لازىم. ئەگەر ئىككى تىلدا ئېيتىش قابىلىيەتلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا تېخىمۇ كۆپ ئېيتىشلىرى كېرەك.»
«تۈركچىنىڭ مەيلى تېمىلاردا، مەيلى سۆزلىنىشىدە پارسچىدىن بۇ دەرىجىدە ئۈستۈن، يۈكسەك ۋە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنىڭ بەس-مۇنازىرىسىز ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلمەيتتى. بۇ تەرەپ يېپىق، سايىدا قالغانىدى؛ بەلكىدە تاشلىنىپ ئونۇتۇلۇش ئالدىدا ئىدى.
ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شېئىرغا، ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىشقا باشلىغانىدىم. توغۇلۇشۇمدىنلا بىر قاتار نۇرلارنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم. بۇ يولدا بىر نەرسە يېزىشقا تۇتۇش قىلغاندا، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك ئەنئەنىلەردىن ياقامنى قۇتقۇزالمىغانلىقىم ئۈچۈن پارسچە يازغانىدىم. بىر قەدەر ياخشى ئويلىنىشقا باشلىغان چېغىمدا، ئۇلۇغ تەڭرى كۆڭلۈمگە خاسلىق ۋە نازۇكلۇق سۆيگۈسىنى تولدۇردى.
تۈركلەر پارسلاردىن ئەقىللىق، ئاڭلىق، ساپ ۋە پاكىز مەخلۇقاتلاردىندۇر. پارسىمۇ ئەقىل ۋە ئىلىمدە تۈرككە قارىغاندا نازۇك، كامالەت ۋە پەزىلەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر چىقتى. بۇ ھال، تۈركلەرنىڭ دۇرۇس، ساپ ۋە پاكىز نىيەتلىرىدىن، پارسلارنىڭمۇ ئىلىم، پەن ۋە ھېكمەتلىرىدىن مەلۇمدۇر. لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ تىللىرىدا تاكامۇللۇق ۋە يېتەرسىزلىك جەھەتتىن بۈيۈك پەرقلەر باردۇر. مەسىلەن گۈزەل سۆز ۋە شېئىردا تۈرك پارستىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.
يەنە تۈركنىڭ پارستىن تېخىمۇ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىگە بۇنىڭدىنمۇ ئوچۇق دەلىل ۋە بۇنىڭدىن روشەن شاھىت بارمىدۇركى، بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ياش-قېرى، يەتتىسىدىن يەتمىشىگە ھەممىسى، ئارىلىرىدا ھايات شەكلى ئوخشاش بولسىمۇ، پارسلاردا ئىلىم، ئەقىل ئەربابى كۆپتۇر. تۈركلەردىمۇ پىقىر، ساپ ۋە پاكىزە كىشىلەر كۆپرەكتۇر. مۇشۇنداق بولۇش بىلەن بىرلىكتە، چوڭلىرىدىن كىچىكلىرىگە ۋە قۇللىرىدىن بەگلىرىگە قەدەر ھەممىسى پارس تىلىنى بىلىدۇ.
تۈرك شائىرلىرى پارسچە تۈرلۈك شېئىرلار، گۈزەل سۆزلەرنى يارىتىدۇ. لېكىن پارسلارنىڭ ئەڭ تۆۋەندىكىسىدىن يۇقىرىسىغىچە، ئاۋامىلىرىدىن شەرەپلىكلىرىگە قەدەر ھېچبىرى تۈركچە سۆزلىيەلمەيدۇ، قىلىنۋاتقان سۆزنىڭ

مەنىسىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. يۈزدە، بەلكى مىڭدا بىرى بۇ تىلنى ئۆگىنىپ سۆزلىسىمۇ، سۆزلىگىنىنى ئاڭلىغان بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ پارس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ. تۈركىنىڭ يارىتىلىشتا پارسىتىن ئۈستۈن ئىقتىدارلىق ئىكەنلىگە بۇنىڭدىنمۇ ئۆتكۈر شاھىت يوقتۇر. ھېچكىم بۇ سۆزۈمنىڭ ئالدىدا پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

يارىتىلىشىم ئادىدىدىن ۋە ئاددىيلىقتىن قېچىشقا، ياخشىنى ۋە گۈزەللىكنى سۆيۈشكە بۇيرۇماقتا ئىدى. ئۇ زامان ئانا تىلىم ئۈستىدە ئويلىنىشقا بېرىلدىم. تۈركچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە كۆزلىرىمگە ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدىن تېخىمۇ يۈكسەك بىر ئالەم كۆرۈندى. بۇ ئالەمنىڭ زىننەتلەر، بىزەكلەر ئىچىدىكى تاكامۇللاشقان ئاسمىنى توققۇز ئاسماندىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. بۇ پەزىلەتلەر، ئۇلۇغلۇقلار خەزىنىسىنىڭ مەرۋايىتلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ پارلاق ئىدى. بۇ ئالەمنىڭ باغچىلىرىغا كىردىم؛ گۈللىرى قوياشلار مىسالى ئىدى. ھەر تەرىپىدە كۆزلەرنى كۆرمىدۇق، قول - پۇت تەگمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. لېكىن بۇ تىلسىمنىڭ يىلانلىرى تولىمۇ قورقۇنچ، بۇ گۈللەرنىڭ تىكەنلىرى ئىنتايىن يامان ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئويلاندىم ۋە دېدىمكى، «دېمەك بىزنىڭ تۈرك شائىرلىرى بۇ قورقۇنچ نەرسىلەردىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن، تۈركچىنى تاشلاپ قويۇشۇپتۇ ۋە مۇشۇنداق ياشاپ ئۆتۈشۈپتۇ.» مەن بۇ ئالەمدىن ۋاز كەچمىدىم، قورقمىدىم، يېڭىلمىدىم؛ مۇشەققەتلەرنى يەڭدىم، قىيىنچىلىقلارغا قارشى كۆرەش قىلدىم؛ كۈچلىرىمنى ئايىمىدىم. تۈركچىنىڭ بىپايان ساھەلىرىدە ئىلھامىمنىڭ قاناتلانغان ئاتلىرىنى چاپتۇردۇم. چەكسىز كەتكەن يىراقلاردا خىيالىمنىڭ ماجىراپەرەست قۇشىنى قوغلىدىم. زوقۇم بۇ خەزىنىدىن بىباھا، كۈچ يەتمەيدىغان كۆپلىگەن مەرۋايىت ۋە ئالماسلارنى ئالدى. كۆڭلۈم بۇ باغچىنىڭ سىرلىرىدا خۇش ھىدلىرى بىلەن جانغا جان قوشىدىغان، كۆزلەر كۆرۈپ باقمىغان گۈللەرنى تەردى. بۇ مەۋجۇتلۇقلارنىڭ، بۇ مۇللۇقلارنىڭ، بۇ كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بولغان كۆپلىگەن گۈللەر ئېچىلىشقا ۋە ھەر يانغا چېچىلىشقا باشلىدى»

..............................

ئەلىشىر نەۋايى، چاغاتاي دىئالېكتىنى ئەدەبىيات تىلى قىلغان ئاڭلىق بىر تۈركشۇناس بولۇش بىلەن بىرگە، مۇزىكا، خەتتاتلىق، جىلدلەش ۋە ئالتۇن ھەل بېرىشلەردە ئالاھىدە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بىرىدۇر. مىللىي مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزگەن بىر مۇتەپەككۇر، كۈچلۈك بىر ئوبزورچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە بىرلەشتۈرگۈچى كىشى بولۇپ، تۈرك تىلىغا كىرگەن موڭغۇلچە ۋە پارسچە سۆزلەرگە بىرىنچى بولۇپ ئۇ قارشى تۇرىدۇ. ئۇ، ھۈسەيىن بايقارانىڭ سەلتەنىتىگە ھۆسن بېغىشلىغان ئالىم سەنئەتچىلەرنىڭ سەركىسى ھېسابلىنىدۇ. ھىرات ۋالىيلىقى، خاقانىنىڭ ياساۋۇل بەگلىكى ۋە مۆھۈردارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىللىرىدىمۇ يۈزلەرچە خاتىرە ئەسەرلىرى بىلەن ھىراتنى بىزەيدۇ. ئىرانلىق زامانىدېشى شائىر جامى يازغان ئەسەرلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ پىكرىنى ئالىدۇ. داڭلىق مىنياتۇرچى بىزھات، شاھ مۇزەپپەر قاتارلىق كۆپلىگەن سەنئەتچى ۋە ئالىملارنى ھېمايە قىلىدۇ. بايقارانىڭ سارىيىنى ئالىملار بىلەن سەنئەتچىلەر ئۇچرىشىدىغان بىر ماكان ۋە بىر ئالاھىدە ئاكادېمىيەگە ئايلاندۇرۇپ، تۈركلۈك دۇنياسىنى ئاقارتىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك رادىيو ئاڭلىغۇچىلار! «تۈرك دۇنياسى ئورتاق ئەدەبىياتى» ناملىق پروگراممىمىزنىڭ بۇ ھەپتىلىك قىسمى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. بارلىق ياخشى كۈنلەر سىلەر بىلەن بىرگە بولسۇن، ئامان بولۇڭلار!

## ئەلىشىر نەۋايى ھاياتىنىڭ ۋە ئىجادىنىڭ قىسقىچە سالنامىسى

1441 ـ يىلى 9 ـ فېۋرال: ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغان ۋاقىت

(2)ھىرات: ئەلىشىر نەۋايى تۇغۇلغان شەھەر، خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى.

(3) غىياسىدىن باھادىر(كىچكىنە): ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئاتىسى، تىمۇرىيلەر خاندانلىقىغا يېقىن ئەمەلدارلاردىن.

(4)ئانىسىنىڭ ئىسمى ھىچبىر تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرىمايدۇ. ئەمما، ئاتا ـ ئانىسى ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتلىك كىشىلىرىدىن بولغان، تىمۇرىيلەر سارىيىدا خىزمەت قىلغان.

«ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاكىبىزى،

ئانام بۇ ساراي بوستانىنىڭ كەنىزى»

(«بەدايىئۇل ـ بىدايە»دىن)

(5)مىرسەئىد كابۇلىي، مۇھەممەد ئەلى غەرىبىي: ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تاغىلىرى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتلىك كىشىلىرى، شائىرلىرى.

(6)1445 ـ يىلى: تۆت ياشلىق ئەلىشىر نەۋايى ئالىينەسەب ئائىلىلەرنىڭ پەرزەندلىرى تەلىم ئالىدىغان مەكتەپكە بارغان. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يېزىشنى، ئوقۇشنى ئۆگەنگەن.

« قۇرئان كەرىم »، سەئدىي شىرازىينىڭ «بوستان»، «گۈلىستان»، فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت ـ تەيىر» داستانلىرى: ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تۇنجى ئوقۇغان كىتابلىرى. «مەنتىقۇت ـ تەيىر»نى تولۇق يادلىغان.

(8)ھۈسەيىن بايقارا: ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مەكتەپداش دوستى. كېيىن خۇراسان دۆلىتىگە ھۆكۈمدار (1469 ـ يىلدىن 1506 ـ يىلغىچە) بولغان.

(9) 1447 ـ يىلى: نەۋايىلار ئائىلىسى ئىراققا كۆچۈپ بارغان. ئىراقنىڭ تەفت شەھرىدە مەشھۇر تارىخچى ئالىم شەرەپىددىن ئەلىي يەزدىي ۋە ياش ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تارىخىي ئۇچرىشىشى يۈز بەرگەن. ئەللامە ياش شائىرغا «ئۆمرۈڭ ئۇزاق، باشىڭ ئامان بولسۇن، ئالىم، فازىل بولۇپ ياخشى ئابرويغا ئېرىشكەيسەن» دەپ بىشارەتلىك دۇئا قىلغان.

(10) 1450 ـ يىلى: نەۋائىيلار ئائىلىسى يەنە ھىراتقا قايتقان. ئاتىسى غىياسىددىن باھادىر سەبزەۋار ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن.

(11) 1452 ـ يىلى: نەۋايىلار ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كەلگەن.(كەتمەنبايىنىڭ ئىزاھاتى: بۇ يەردە بىر

ئېنىقسىزلىق بار.)

(12)خوجا يۈسۈف بورھان: ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر مۇسىقاشۇناسى، ئەلىشىر نەۋايىغا مۇسىقا(مۇزىكا) سىرلىرىنى ئۆگەتكەن تۇنجى ئۇستازلاردىن.

(13)مىرشاھىي: ئەلىشىر نەۋايى 10 ـ 12 ياشلىرىدا بۇ شائىر بىلەن ئۆزئارا شېئىر يېزىشىپ تۇرغان.

(14)لۇتفىي: ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۇستازى. ياش ئەلىشىر نەۋايىنىڭ

«ئارەزىن ياپقاچ كۆزۈمدىن ساچىلۇر ھەر لەھزە ياش،

بويلەكىم، پەيدا بولۇر يۇلتۇز نىھان بولغاچ قۇياش.»

دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىگە، ئەگەر ئىلاجى بولسا ئۆزىنىڭ ئون ـ ئون ئىككى مىڭ تۈركىيچە ۋە فارسچە يازغان شېئىرلىرىنى ئالماشتۇرماقچى بولغان شائىر.

(15)«نەۋائىي»(«نەۋا» سۆزىدىن): تۈركىي تىلىدىكى شېئىرلىرىنىڭ تەخەللۇسى. «فانى»(«فەنا» سۆزىدىن): ئەلىشىر نەۋايىنىڭ فارس ـ تاجىك تىلىدىكى شېئىرلىرى ۋە «لىسانۇت ـ تەيىر» داستانىدا قوللانغان تەخەللۇسى.

(16) 1457 ـ يىلى: ئەلىشىر نەۋايى 16 يېشىدا ئاتىسى غىياسىددىن كىچكىنە ۋاپات بولغان، شۇ يىلى ئوبۇلقاسىم بابۇر خىزمىتىگە كىرگەن. مەشھەد شەھرىدە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. سەييىد ھەسەن ئەردەشىر، كامىل تۇربەتىيگە ئوخشاش مەشھۇر شائىرلار بىلەن تونۇشقان ۋە يېقىن دوستلاردىن بولغان.

(17) 1459 ـ يىلى: تىمۇرىيلەردىن ئەبۇسەئىد خۇراسان تەختىنى ئىگەللىگەن. ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرى تەقىپكە ئۇچرىغان. خۇسۇسەن، تاغىلىرى مىرسەئىد(تەخەللۇسى: كابۇلىي) ۋە مۇھەممەد ئەلى(تەخەللۇسى: غەرىبىي)لار قەتلى قىلىنغان.

(18) 1465 ـ يىلى: ئەلىشىر نەۋايى سەمەرقەندكە كەلگەن. ماۋرائۇننەھرنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي، جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى بىلەن تونۇشقان.

(19)فەزلۇللاھ ئەبۇلەيس سەمەرقەندىي، ئەلايى شاشىي: ئەلىشىر نەۋايىغا سەمەرقەنددە تەلىم بەرگەن مەشھۇر ئالىملار.

(20)مىرزا ھاجى سوغدىي، سەييىد قۇتۇب سەمەرقەندىي، يۈسۈف سەفائىي، شەيخىم سۇھەيلىي: ئەلىشىر نەۋايى تونۇشقان ۋە سۆھبەتتە بولغان سەمەرقەندلىك شائىرلار.

(21) 1469 ـ يىلى: ھىرات تەختىنى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئىگەللىگەن، ئەلىشىر نەۋايى ھىراتقا قايتقان، مۆھىردارلىق مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن، كېيىن (1472 ـ يىلدا) ئەمىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

(22) 1476 ـ يىلى: ئەلىشىر نەۋايى بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر ئابدۇراھمان جامىي بىلەن ئۇچراشقان. ئۇنى ئۆزىگە «ئۇستاز ۋە پىر» دەپ بىلگەن.

(23) 15 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئوتتۇرىلىرىدا بىرىنچى دىۋانى ـ «بەدايىئۇل ـ بىدايە»نى تۈزگەن.

(24) 1483 ـ 1476 ـ يىللار ئارىسىدا ئىككىنچى دىۋانى ـ «نەۋادىرۇن ـ نىھايە»نى ياراتقان.

(25) 1485 ـ 1483 ـ يىللار ئۆزىنىڭ 51 مىڭ 230 مىسرادىن ئىبارەت مەشھۇر «خەمسە»سىنى ياراتقان.

(26) 1487 ـ يىلى: ئەلىشىر نەۋايى ئاسترابات ۋىلايىتىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن.

(27)1489 ـ 1482 ـ يىللار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ «ۋەقفىيە»، «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكىما»، «تارىخى مۆلۇكى ئەجەم» ناملىق ئەسەرلىرىنى يازغان.

ـ 1490 (28)يىلى: «ھالەتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر» ناملىق ئەسىرىنى ياراتقان.

(29) 1491 ـ يىلى: «رىسالەئى مۇئەمما» ئەسىرىنى ۋە «مەجالىسۇن ـ نەفايىس»نى يېزىپ پۈتتۈرگەن ۋە كېيىن قايتا تولۇقلىغان.

(30)1494 ـ 1492 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئابدۇراھمان جامىي ھەققىدە «خەمسەتۇل ـ مۇتەھەييىرىن»(«بەش ھەيرانلىق») ئەسىرىنى ياراتقان.

(31) 1498 ـ 1492 ـ يىللار ئارىلىقىدا «مۇنشەئات»، «مىزانۇل ـ ئەۋزان»(«ۋەزىنلەر ئۆلچىمى»)، «ھالەتى پەھلىۋان مۇھەممەد»، «نەسايىمۇل ـ مۇھەببەت» ئەسەرلىرىنى يېزىپ تۈگەتكەن.

(32) 1498 ـ 1491 ـ يىللار ئارىسىدا «خەزايىنۇل ـ مەئانىي»(«مەنالار خەزىنىسى»)، «دىۋانى فانىي»نى تۈزگەن.

(33) 1499 ـ 1498 ـ يىللاردا «لىسانۇت ـ تەيىر» پەلسەپەۋىي داستانىنى، «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەيىن»(ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە»)نى يازغان.

(34) 1500 ـ يىلى: ئاخىرقى يىرىك ئەسىرى ـ «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»(كۆڭۈللەرنىڭ سۆيگۈنى»)نى يازغان.

(35) 1501 ـ يىلى 3 ـ يانۋاردا ئەلىشىر نەۋايى ۋاپات بولغان.

ئۆزبەكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ساداقەتجان ھاجى

## • نەۋايى ۋە ئانا تىل غۇرۇرى

### ئەسئەت سۇلايمان

تىل ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى. ياكوب گرىم: «بىر مىللەتنىڭ تىلى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدۇر. بىر

مىللەتنىڭ تارىخىغا نىسبەتەن ئۇستىخان ـ سۆڭەك ، قەبرە ـ كېپەنلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ جانلىق بىر پاكىت باركى، ئۇبولسىمۇ دەل ئۇلارنىڭ تىلىدۇر» دەيدۇ. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر تاشلىساق ، بىر ئەل ياكى بىر خەلقنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرى دەل ئۇلارنىڭ مىللىي تىلىنىڭمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋە تاكامۇللاشقان دەۋرى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

نەۋايى ياشىغان دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە ۋە باشقا ئالىي فورماتسىيىلەردە جىددىي ئىسلاھاتقا دۇچ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈركىي تىلىنىڭ ئىستىقبالى مەسىلىسىدىمۇ كەسكىن ئويلىنىشقا توغرا كەلدى. چۈنكى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە ئىسلامىيەت غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى غەربتە ئىسپانىيىدىن شەرقتە جۇڭگو چېگرىسىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىلەرگە يېتىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىككە كەلگەن ئىمپېرىيە ئىچىدە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى مىسلىسىز دەرىجىدە گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئەرەب تىلى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇران كەرىم»نىڭ تىلى سۈپىتىدە پۈتكۈل ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىن، ئالاقە ۋە ئىلىم ـ پەن تىلىغا ئايلاندى ھەمدە باشقا مىللىي تىللارنى بارغانسېرى چەتكە قېقىشقا باشلىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى مەدەنىيەتلىك خەلق ـ پارسلار ئەڭ ئالدى بىلەن مىللىي تىل مەسىلىسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى. پارس زىيالىيلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ھەرىكەتكە كېلىپ، مەدەنىيەتتە ئەرەب تىلىنىڭ يېگانە مونوپوللىقىغا قارشى تۇردى. پارس تىلىدا ئەسەر يېزىپ، «شۇئۇبىيە» ھەرىكىتى دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت ئىسلاھاتىنى قوزغىدى ۋە مىللىي مەدەنىيەت تىرىلىشى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى خۇراسان رايونىنى مەركەز قىلغان ھالدا دارى پارس تىلى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. دارى پارس تىلى پەھلەۋى تىلىنى ئاساس قىلىپ، ئەرەب تىلى بىلەن بولغان رىقابەت جەريانىدا شەكىللەنگەن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىي تىلى ئىدى. ئۆز دەۋرىدە رۇداكى (850 ـ 941)، فىردەۋسى (940 ـ 1020) قاتارلىق شائىرلار دارى پارس تىلىدا ئىجادىيەت

ئېلىپ بېرىپ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس ياراتتى ۋە ئەرەب تىلىنىڭ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مونوپوللۇقىغا خاتىمە بەردى.

11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان جەريان پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئۇزاق جەرياندا پارس ئەدەبىي تىلى ئىران تەۋەسىدىن ھالقىپ چىقىپ، شىمالىي ھىندىستان، پامىر، ماۋەرائۇننەھر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرىغا، جۈملىدىن چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇئەييەن رول ئوينىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پارس تىلى ئەرەب تىلىنىڭ شەرقىي رايونلاردىكى تەسىرىگە تامامەن خاتىمە بەردى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس تىلىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ، تۈركىي تىلى بىلەن بىۋاستە رىقابەتلەشتى. تۈركىي تىللىرىنىڭ لۇغەت تەركىبىگە پارس تىلىنىڭ سۆزلۈكلىرى كۆپلەپ ئۆزلىشىشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرى جىددىي كرىزىسقا دۇچ كەلدى. پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك خىرىسى ۋە كۆپ قىسىم تۈركىي ئاپتورلارنىڭ پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشقا مەھلىيا بولۇشى تۈركىي تىلىنىڭ تەقدىرىگە تەرەققىي قىلىش ياكى كەينىگە چېكىنىش مەسىلىسىنى تاڭدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋايى دەۋرىگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەخمەت يەسسەۋىي، رابغۇزى قاتارلىقلار تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى خېلىلا سۇسلاشقانىدى. نەۋايى دەۋرىدە گەرچە لۇتفى، سەككاكى ۋە ئاتايى قاتارلىق شائىرلار تۈركىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۈركىي تىلى بىلەن شېئىرلار يېزىپ، چاغاتاي ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇددى نەۋايى ئېيتقاندەك، بۇ تۈركىيگۈي شائىرلارنىڭ لۇتفىدىن باشقىسى پارس ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شائىرلارنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتى بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى ھەمدە كۆنسېرى ئۆلگىسىپ كېتىۋاتقان پارسگۈيلۇق

ئېقىمىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى.

ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ئۆز دەۋرىدە خۇددى مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقاندەك «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان» تۈركىي تىلى ئەمدىلىكتە پارس تىلىنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان تۈركىي پادىشاھلار تۈركىي تىل-ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن تېمۇرىيلەر دۆلىتى يەنىلا ناھايىتى قويۇق بولغان پارس مەدەنىيىتى چەمبىرىكى ئىچىدە تۇرماقتا ئىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم ئەدىب-شائىرلار ئۆز ئانا تىلىدا ئەمەس، بەلكى پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى ئابروي بىلىدىغان، ھەتتا تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

بۇنداق بولۇشىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىران تېررىتورىيىسىدە قۇرغان سالجۇقىيلار قاتارلىق بىر قانچە ھاكىمىيەتلىرىدە پارس تىلى ھاكىمىيەت تىلى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە 10-ئەسىردىن 15-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا پارس ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتى مىسلىسىز گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا زور تەسىر پەيدا قىلغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پارسلار بىلەن يېقىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. پارسچە يېزىش، ئوقۇش دولقۇنى ئەۋج ئالدى. ھەتتا بەزى تۈركىي ئەدىبلەرنىڭ پارسچىغا بولغان چوقۇنۇشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار «پارىسىي شېكەرەست»(پارس تىلى شېكەر تىل)، «ئەرەبىي ھەسەلەست»(ئەرەب تىلى ھەسەل تىل) دەپ داۋراڭ سېلىشتى. تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەقدىرى جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. تۈركىي تىلى دۇچ كەلگەن بۇ ئېغىر خەۋپنى ئەلىشىر نەۋايى ھەممىدىن چوڭقۇر ھىس قىلدى. خۇددى ئۇنىڭ «شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پۈتۈنلەي پارس تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن-دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن،

بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن» دېگىنىدەك، ئۇنىڭ مىللىي غۇرۇرى ئۆز ئانا تىلىنىڭ بۇ تەقدىرىگە سوكۇت قىلىپ تۇرۇشقا يول قويمىدى. نەۋايى تۈركىي تىلىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە شۇ ئارقىلىق تۈركىي ئەدەبىياتىنى قوغداش ئۈچۈن بەل باغلىدى.

شۇنىڭ بىلەن نەۋايى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنى باشلىدى. ئۇ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» دېگەن ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ تۈركىي تىلغا بولغان دەسلەپكى تەسىراتىنى مۇنداق بايان قىلدى: «ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا تەبىتىمگە بەخشەندە قىلغان غارايىپچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۇلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل ئۇستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا **18** مىڭ ئالەمدىن ئارتۇق بىر ئالەم نامايان بولدى، مەن ئۇ يەردە توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇ زىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم. دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك ۋە بۇيۇكلۇك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم، ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەلگەن گۈلشىنىگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى يەتمىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەنىدى. ئەمما خەزىنىنىڭ يىلانلىرى دەھشەتلىك، گۈلشەننىڭ تىكەنلىرى سانىسىز ئىدى. مەن سەنئەت ئەھلىنىڭ دانالىرى مۇشۇ يىلانلارنىڭ نەشتىرىدىن قورقۇپ، بۇ خەزىنىلەردىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ، نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەستىچىلىرى مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق گۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ، دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى، مەن بۇ يەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم. تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى، خىيالىم قۇش بولۇپ، بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى. دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى. كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن چەكسىز خۇشپۇراق گۈللەرنى يىغدى.»

نەۋايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، تۈركىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى

يوشۇرۇن كۈچىدىن باشقا يەنە ئۇنى ئىلمىي جەھەتتىن، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1499-يىلى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل-لۇغەتەيىن»(ئىككى تىل توغرىلىق مۇھاكىمە) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يازدى. نەۋايىنىڭ بۇ ئەسىرى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدىن 500 يىل كېيىن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىدە يېزىلغان يەنە بىر مۇھىم ئەسەر بولۇپ، 15-ئەسىردىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئىمكانىيەتلىرى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرىلگەن. «نەۋايى بۇ ئەسىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىدا چاغاتاي تىلى(يېقىنقى زامان تۈركىي ئەدەبىي تىلى)نى پارس ئەدەبىي تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چاغاتاي تىلىدا ئۇقۇمنى نازۇك جەھەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، بەزى ساھەلەرگە خاس بولغان سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ موللۇقىنى، تۈيۈق يېزىش، قاپىيە كەلتۈرۈش قاتارلىق بەدىئىي ماھارەت ۋە سۆز تۈرلەش، سۆز ياساش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ كەڭلىكىنى نۇرغۇنلىغان مىساللار بىلەن ئىسپاتلايدۇ؛ چاغاتاي تىلى مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغقىچە بىر كىم تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئەزەللىكلەر يوشۇرۇن ھالەتتە قالغانلىقىنى، تۈركىي تىللىق شائىرلار، بولۇپمۇ ياش شائىرلار ياخشى مۇلاھىزە قىلمايلا پارس تىلىنى ئەۋزەل بىلىپ، شېئىرنى پارس تىلى بىلەن يېزىشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىي تىللىق شائىرلار بارغانسېرى ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى زور ئېچىنىش بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چاغاتاي تىلى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە بەل باغلىغانلىقىنى، ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بۇ تىلنىڭ مول بايلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، چەكسىز غۇرۇرلانغانلىقىنى، بۇ تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن ئاساستا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىنى ئىگىلىگەن ئەسەرلىرىنى يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئۆز ئىشىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە بۇ ئەسەرنى يازغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.»

شۇنداق قىلىپ، نەۋايى قەلبىگە بۈيۈك مەقسەتلەرنى پۈكۈپ، مەردانىلىق بىلەن تۈركىي تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ باردى ۋە تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەسەرلىرىدىكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن نامايان قىلدى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى تۈركىي تىلى تىرىلىش ھەرىكىتى ئۈلۈغ شائىرنىڭ ئىجادىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلار توپلىمى «خەزائىنۇل-مەئانى» بىلەن داستانلار توپلىمى «خەمسە»دە تۈركىي تىلنىڭ بەدىئىي قۇدرىتىنى جەۋلان قىلدۇردى. شۇڭلاشقا نەۋايىنىڭ ئۇستازى، زامانىدىشى، بۈيۈك پارس-تاجىك مۇتەپەككۇرى ئابدۇرەھمان جامى ئۆزىنىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەر»(ئىسكەندەر ئەقىلنامىسى) ناملىق داستانىدا نەۋايى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

تۈركىي تىلدا داغى نەقش كەلدى ئەجەب،  
ھەتتا سېھرگەرلەرمۇ باغلىدى لەب.  
ئۇنداق گۈزەل نەقش چۈشۈرگەن قەلەم،  
بېشىغا ئافىرىنلار ياغدۇرسۇن ئالەم.  
كەچۈرسۇن فارسىيدا گۆھەر تەرگەنلەر،  
دارى تىلدا دۇر، خەزىنە بەرگەنلەر.  
بۇنىڭ تىلى ھەم گەر بولسا دارى،  
ماجالسىز قالاتتى ئۆلارنىڭ بەرى.

ئۇنىڭدىن باشقا، نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرىدە تۈركىي تىلنىڭ ئۆلگەن جىسمىغا جان كىرگۈزۈپ، جانلىق تىلدىلا قوللىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بەزى لېكسىكىلىق سۆزلەرنى بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى ۋە چاغاتاي تۈركچىسىنىڭ ئەدەبىي سۆز بايلىقىنى ئاشۇردى. ئۆزبېكىستان «پەن نەشرىياتى» نەشر قىلغان تىلشۇناس بەھرام باقايېفنىڭ «نەۋايى ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق ئەسەردىكى

سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، پۈشكىن ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىي **21197** سۆز، شېكسپىر **20** مىڭدىن كۆپرەك سۆز، سېرۋانتېس **18** مىڭ سۆز، ئابدۇللا توقاي **14** مىڭ سۆز، ئاباي **6** مىڭ سۆز ئىشلەتكەن. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە تەخمىنەن بىر مىليون **378**مىڭ **67** سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار **26**مىڭ **35** لېكسىكىلىق بىرلىكتە ئومۇملاشقان. نەۋائىي پەقەت «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا **5431** سۆز ئىشلەتكەن.

نەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە تۈركىي تىلىنى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتلەردىن پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىدى. تۈركىي تىلىنىڭ بەزى جەھەتلەردىن پارس تىلى مۇمكىن بولمىغان ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، لېكىن تۈركىي ئاپتورلارنىڭ بۇ خىل ئىمكانىيەتلەرگە سەل قارىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. نەۋائىي بۇ ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىدىكى پارسگۇي ئەدىبلەرگە قارىتىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «... بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مۇخالىپ ۋە دەۋاگەرلىرىم نەۋائىينىڭ تەبىئىتى تۈركىي تىلغا مايىل بولغىنى ئۈچۈن بۇ تىلنىڭ تەرىپىدە مۇبالىغا قىلىۋاتىدۇ. پارس تىلى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى چەتكە قېقىپ ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، دەپ قالمىسۇن، ھالبۇكى، پارسچىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش يولىدا ھېچكىم مەندىن ئارتۇق ئىش قىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق ـ كەمچىلىك تەرەپلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدىن ياخشىراق بىلگەن ئەمەس.»

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، نەۋائىي يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان گۈزەل ۋە پاساھەتلىك تىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەنە مۇمكىنچىلىكىنىڭ چەكسىزلىكىنى قەيت قىلىدۇ. نەۋائىي مەزكۇر ئەسىرىدە تۈركىي ئاپتورلارنى، بولۇپمۇ پارسگۇيلۇققا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن ياش شائىرلارنى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشقا دەۋەت قىلىدۇ ھەمدە بۇ پىكرىنى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن دەلىللەيدۇ: «شۇ قەدەر مول ۋە نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان تۈركىچە سۆز ـ ئىبارىلەر بىرەر

كىشى تەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ھالىتى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكتىن، ھازىرغىچە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى. بىلمىسىز ھەم بېلى بوش تۈرك يىگىتلىرى ئىشنىڭ ئوڭىيىنى كۆزلەپ پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا بېرىلىپ كەتتى. ۋەھالەنكى، ئەگەر ئۇلار ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن بولسا ئىدى، ئۆز تىلىدىكى شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى بايقىغان ۋە بۇ تىلدا ھەر خىل پىكىرلەرنى ئىپادىلەش، خۇش سۆزلۈك، شائىرانىلىق ۋە داستانچىلىق سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىش تېخىمۇ ئاسان بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولاتتى. دەرۋەقە بۇ ئەمەلىيەتتىمۇ ئاسان ئىدى. يۇقىرىدا تۈركىي تىلنىڭ كەڭ مەنىدىكى ۋە ھەر تەرەپلىملىكى شۇنچە دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلدى. روشەنكى، بۇ خەلق ئىچىدىن چىققان تالانت ئىگىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت ۋە تالانتلىرىنى ئۆز تىلى تۇرغان يەردە باشقا تىل بىلەن نامايان قىلماسلىقى كېرەك ئىدى ۋە مۇنداق ئىشقا كىرىشمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەگەر ھەر ئىككى تىلدا يېزىش قابىلىيىتى بولسا، ئۆز تىلىدا كۆپرەك يېزىپ، باشقا تىلدا ئازراق يېزىش كېرەك ئىدى. بەك ئېشىپ كەتكەندىمۇ ئىككى تىل بىلەن ئوخشاش يېزىش كېرەك ئىدى. شۇ ئېھتىمالغا ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تالانت ئىگىلىرى پارس تىلى بىلەن شېئىر يازسۇن ـ دە، تۈركىي تىل بىلەن يازمىسۇن، بەلكى كۆپچىلىكى يازالمىسۇن، يازسىمۇ خۇددى سارتلار(پارسلار) تۈركىي تىل بىلەن يازغان شېئىردەك خۇشسۆز تۈركلەر قېشىدا ئوقۇيالمىسۇن ۋە ئۆتكۈزەلمىسۇن، ئوقۇسىمۇ ھەر سۆزىدىن يۈز ئەيىب تېپىلىپ، ھەر جۈملىسى يۈز ئېتىرازغا ئۇچرىسۇن!»

مانا بۇ نەۋايىنىڭ «يۈكسەك ئىرادە، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىتى»دىن ئۇرغۇپ چىققان ئانا تىل غۇرۇرى ئىدى! ئۆز دەۋرىدە مۇنداق قاراشلارنى تىلشۇناسلىق ۋە مەنتىقە ئىلمى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. خۇددى نەۋايى: «مەن تۈرك خەلقىنىڭ خۇش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم» دېگىنىدەك، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق زاماندىشلىرى ۋە ۋەتەنداشلىرىغا ئەڭ يارقىن ئۈلگە تىكلەپ بەردى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەۋايى بىر ئۇلۇغ شائىرلا ئەمەس، بەلكى يەنە كەسكىن نەزەرىيىچى، مۇتەپەككۇر ۋە

تۈركىي تىل ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نەۋايى ۋەكىللىكىدىكى تۈركىي ئەدەبىيەتنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ 15-ئەسىردىكى ئاخىرقى قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرىنى - «كەنجى ئويغىنىش دەۋرى»نى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ دەۋر گەرچە تېمۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈركىي خەلقلەر تەپەككۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نەۋايىنىڭ يازغىنىدەك:

تۈرك نەزمىدە چۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملىكەتنى بىر قەلەم.

دېگەن مىسرالىرىدا تۈركىي تىلىنىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى ئاشكارا قىلدى. نەۋايى باشچىلىقىدىكى تۈركىي ئەدىبلەر قوزغىغان «تۈركىي ھۈنەرەست» دولقۇنى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تاكامۇللىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

مەنبە: «مىراس» ژورنىلىنىڭ 2002-يىللىق 4-سانى

## ئەلشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

«نۇر تورى» 2011-يىلى 1-نويابىر خەۋىرى :

جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى «ئەلشىر نەۋايى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » ئۆتكۈزدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ۋە قوشۇلۇشى بىلەن جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى 2011-يىلى

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى كوئېنلۇن مېھمانخانىسىدا «ئەلشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 570 يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزدى. گېرمانىيە، قازاقىستان، ۋە دۆلەت ئىچىدىن كەلگەن 100 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس ـ ئالىم ئۈرۈمچىگە جەم بولدى. يىغىندا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋېلىنىپ، 27 ـ پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ ئۆتۈلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى تەبرىك خېتى ئەۋەتتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تىلىۋالدى ئابدۇرىشىت يىغىندا سۆز قىلدى.




ئەلشىر نەۋائى ئېلىمىزنىڭ 15 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ھەممىدىن بەك كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنىڭ بىرى شۇنداقلا ئۇيغۇرلاردىن چىققان داڭلىق شائىر مۇتەپەككۇر ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە تۈرلۈك ژانىرلاردىكى شېئىر ـ نەزمىلەرنى، تەرجىمھال ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن 30 نەچچىنى يېزىپ چىقىپ، ئەۋلاتلارغا نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى ھەمدە ئېلىمىزدە جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا كەڭ تەسىر پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ شېئىر ـ نەزمىلىرى شۇ دەۋردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى قاماللىقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتتىكى يۈكسەك غايىنى مەدھىيىلىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاھالەتچىلىكنى قەتئىي ئىنكار قىلىپ ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىغا ھۆرمەت قىلىپ ئادىمىيلىكنى ئازاد قىلىشنىڭ يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، دىنىي كىشىلەرگە كۈچلۈك ئېتىراز بىلدۈردى. ئۇنىڭ كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولغان ئەقلىيە سۆزلىرى ھازىرغىچە ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ تەسىرلىك شېئىر ـ مىسرالىرى ھازىرغىچە مۇقاملار ئارقىلىق ئېيتىلماقتا. ئۇنىڭ ئەدەبى ئەسەرلىرىدە، ئادەمنى ئاساس

قىلىش، ئىنتىپاقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، قىلولوگىيلىك غەمخورلۇق، تىنىچلىقتا بىللە ئۆتۈش ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى. بەدىئىلىك جەھەتتە، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي تۈسى گەۋدىلىنىپ، مىللەت، رايون، دىنىي ئېتىقاد ھالقىغان ئىستىتىك قاراش ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تارىخ، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ئىلمى، تىلشۇناسلىق، ئېتىكا ۋە پەلسەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇس بولۇپ، ھەم دەۋىر ئەھمىيىتىگە ھەم مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولدى.




ئېلىمىز ئەلشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى قوغداش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەلئارىسىدىن ئەلشىر نەۋائى ئەسەرلىرىدىن 400 نەچچە پارچىنىڭ قولىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى قېزىپ چىقتى. 1957 ـ يىلى، يەركەندە 150 پارچە قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تېپىلدى. قەشقەر، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلاردىنمۇ نەپىس ئىشلەنگەن قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تېپىلدى. بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدا، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمى جەمئىيىتى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان 30 توملۇق «ئەلشىر نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى» ئىچىدىكى 4 توملۇق «چاھاردىۋان» تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى.ئەلشىر نەۋائىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى سەۋەپلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەشكىلاتى 1991 ـ يىلنى «ئەلشىر نەۋائى يىلى» قىلىپ بېكىتتى. نۇرغۇن دۆلەتلەردە «ئەلشىر نەۋايى قىزغىنلىقى» كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرى شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەخرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبى نەتىجىلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە شۇنداقلا ئىنسانىيەتكە ئورتاق.




«ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى توپلىمى»نىڭ نەشىردىن چىقىشى ـ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، ئېلىمىزنىڭ بۇ ئىلمىي ساھەدىكى سەۋىيىسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى شۇنىڭدەك بۇ ساھەدىكى سۆز قىلىش ھوقوقىنى تولۇق نامايەن قىلدى.

جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ئابلىز ئابدۇرېھىم مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق، مەۋقەنى يەرشارلىشىش شارائىتى ئاستىدىكى جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە قارىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى، يەرلىك خاراكتېرى ۋە مىللىي خاسلىقىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، دەۋر خاراكتېرى، فىلولوگىيىلىك خاراكتېرى، دۇنياۋىيلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ؛تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى پائال قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ۋە ساھەدە نامايان قىلىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى"سىرتقا يۈزلەندۈرۈش ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قېزىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئىجادى قوبۇل قىلىپ ۋە بىرىكتۈرۈپ، پەرققە ھۆرمەت قىلىش ؛سوتسىيالىزمنىڭ يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ تەرەققىيات قائىدىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، توغرا ۋە ساغلام بولغان ئىلمىي تەتقىقات يۈزلىنىشىدە چىڭ تۇرۇش ؛بۇ ئارقىلىق ئىلغار بولغان ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا زور مەبلەغ سېلىپ، بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ،

قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلارنى يىغىپ رەتلەش ، سىلىشتۇرۇپ كۆچۈرۈش ، سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرچە نۇسخا ، خەلقئارالىق نۇسخا ۋە ئەسلى نۇسخا بويىچە نەشىردىن چىقارغان 12 پارچە كىتاب ھېسابلىنىدۇ«.




يىغىندا جۇڭگولۇق ۋە چەتئەللىك ۋەكىللەر يەنە جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە سۈرەتلەر كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلغان 3 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرگە يۇقىرى باھا بەردى.شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دۆچىنرۇي، سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كې لى قاتارلىقلارمۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.




*********************

# «غەرايىبۇسسىغەر»دىن تاللانغان غەزەللەر

## ئەلىشىر نەۋايى

**(1)**

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىلكەئىسى ئەنۋارۇلھۇدا ،
يار ئەكسىن مەيدە كۆر، دەب، جامدىن چىقتى سەدا.
غەيىر نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسا زەڭگى غەم،
يوقتۇر ئەي ساقى، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزەدا.
ئەي، خۇش ئول مەيكىم، ئاڭا زەرق ئولسا بىر سىنغان سەفال،
جام ئولۇر گېتىنەما، جەمشىد ئانى ئىچكەن گەدا.
جامۇ مەي گەر بۇيلەدۇر، ئول جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر
يۈز جەھان ھەردەم نىسار، ئول مەي ئۈچۈن مىڭ جان پىدا.
دەير ئارا ھوش ئەھلى رەسۋا بولغانى، ئەي مۇغبەچە
جامى مەي تۇتساڭ مېنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا.
ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرە كىم
جامۇ مەي لەفزىن دىگەن بىر ئىسم ئىلە قىلغاي ئەدا.
تاكى ئول مەيدىن كۆڭۈل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر،
چېھرەئى مەقسۇد، مەھۋ ئولغاي ھەم ئولدەم مائەدا.
سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئېرۇر،
بىلمەيىن نەفئ ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا.
تەشنەلەب ئولمە نەۋائىي، چۈن ئەزەل ساقىسىدىن،
»ئىشرەبۇ يا ئەييۇھەل ئەتشان» كېلۇر ھەردەم نىدا.

**(2)**

سىنسا كۆڭلۈمدە ئوقۇڭ، سۇرتۇب ئىسسىغ قاندىن ئاڭا،
پەي مەسەللىك چىرماغايمەن رىشتەئى جاندىن ئاڭا.
بادەئى لەئلىڭ مىزاجى روھپەرۋەردۇر بەسى،
گويىيا مەمزۇج ئېتىبسەن ئابىھەيۋاندىن ئاڭا.
ئوقى كۆڭلۈم شوئلەسىن گاھ ساكىن ئەتتى، گاھ تېز،
گاھ ئوتۇن بولدى، گاھى سۇ ئۇردى پەيكاندىن ئاڭا.
دەردۇ غەم بوستانىنىڭ تاۋۇسىدۇر كۆڭلۈم قۇشى،
گۈل بولۇب جىسمىمدا كەسكەن نەئل ھەر ياندىن ئاڭا.
نى كەبۇتەر يەتە ئالۇر ئول قۇياشقا، يا نەسىم،
ئەي كۆڭۈل ھالىڭنى ئېئلام ئەيلە ئەفغاندىن ئاڭا.
كۆزگە تا كىردى خەيالىڭ، ساۋۇغ ئاھىم ۋەھمىدىن
باغلامىشمەن قۇربىيا ھەر سارى مۇژگاندىن ئاڭا.
ئەي ناۋائىي، يىغلىما ئاھىمغە تەسكىن بەرمەدى،
ۋەھ، بۇنى ئوتدۇركى، يوق تەسرى توپاندىن ئاڭا.

**(3)**

ۋەھكى ئىشقىڭ زاھىر ئەتسەم ۋەھم ئېرۇر ئۆلمەك ماڭا،
گەر نىھان تۇتسام داغى جان خەۋفىدۇر بىشەك ماڭا.
كەلگەن ئېرمىش ئول مەسىھ ئۆلگەنلەرنى تىرگۈزگەلى،
مەن تىرىك، ۋەھ، ياخشىراق بۇ ئۆمردىن ئۆلمەك ماڭا.
جۇزۋ جۇزۋىمنى، فىغانكىم، مەنفەك ئەتتى تىغى ھەجر،
بىر بىرىدىن لىك ئۇزىدۇر جۇزۋى لا يەنفەك ماڭا.
كۆڭلۈم ئوتىدىن ياغاچ كۈلدۇر، باشاق بىر قەترە سۇ،
ناگەھ ئول شوخى جەپاكىش ئاتسا بىر ناۋەك ماڭا.
ئالتۇن ئېزىلىب ئېرىب كۆيگەن سايىن خالىس بولۇر،
نى ئەجەب سارغارسا يۈز يەتكەن سايۇ ئەمگەك ماڭا.
چاك ئەيلەرمەن ياقا ئول قاشى يانى كۆرگەچ ئوق
كىم، خەدەنگىن ئاتسا ھايىل بولماغاي كۆڭلەك ماڭا.
بادە ھەجرىدىن ئاقارمىش كۆزلەرىم، ئەي پىرى دەير،
ئەيلەگىل مەي شىشەسىدىن سىندۇرۇب ئەينەك ماڭا.
سەر سەرى ھىجران ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن ئانداق ساۋۇر
كىم، فەنا يولىدا سەرسەر بولماسۇن ھەمتەك ماڭا.
ئەي نەۋائىي، گەر ماڭا كۆبرەك ئەمەس ئۈممىدى ۋەسل،
بەس، نەغۇ ئوششاقدىن جەۋرى ئېرۇر كۆبرەك ماڭا.

**(4)**

كۆرگەلى ھۆسنۈڭنى زارۇ مۇبتەلا بولدۇم ساڭا،
نى بەلالىغ كۈن ئىدىكىم، ئاشنا بولدۇم ساڭا.
ھەر نېچە دېدىمكى: كۈن كۈندىن ئۈزەي سەندىن كۆڭۈل،
ۋەھكى، كۈن كۈندىن بەتەررەك مۇبتەلا بولدۇم ساڭا.
مەن قاچان دېدىم: «ۋەفا قىلغىل ماڭا»، زۇلم ئەيلەدىڭ،
سەن قاچان دېدىڭ: «فىدا بولغىل ماڭا»، بولدۇم ساڭا.
قاي پەرى پەيكەرغە دەرسەن تەلبە بولدۇڭ بۇ سۇفەت،
ئەي پەرى پەيكەر، نى قىلساڭ قىل، ساڭا بولدۇم ساڭا.
ئەي كۆڭۈل، تەركى نەسىھەت ئەيلەدىڭ، ئاۋارە بول،
يۈز بەلا يەتمەسكى، مەن ھەم بىر بەلا بولدۇم ساڭا.
جامى جەم بىرلە خىزىر سۈيى نەسىبەمدۇر مۇدام،
ساقىيا، تا تەركى جاھ ئەيلەپ گەدا بولدۇم ساڭا.
غۇسسە چەڭگىدىن نەۋائى تاپمادىم ئوششاق ئارا،
تا نەۋائىدەك ئەسرۇ بىنەۋا بولدۇم ساڭا.

**(5)**

بولسا ئىككىمىزنىڭ يۈزى ئەكسى سۇدا پەيدا،
ئول سۇ نى تەرەف بارسا ئاچىلغان گۈلى رەئنا.
زۇلفۇڭ غەمى كۆڭلۈمنى بىلىڭ فىكرىگە سالدى،
كۆركىم، نى خەيال ئىچرە سالىبتۇر ئانى سەۋدا.
غەۋغا قىلۇر ئەل مەھۋەشلەر كويىدا، لېكىن

مەھۋەشلەر ئىشى قىلماق ئانىڭ كويىدا غەۋغا.
ئەھۋالىمە فەرھاد ئىلە مەجنۇنغە تەئەججۇپ،
ئىشق ئەتتى خىرەد ئەھلى قاشىدا مېنى رەسۋا.
ھەر سارى تاماشاغا كىم ئول شوخ قىلۇر ئەزم،
يوق ئاڭا تاماشاكى، ئېرۇر ئەلگە تاماشا.
دەۋران ساڭا زۇلم ئەتسە، قەدەھلەر تولا مەي ئىچ،
قان يۇتسەڭ ئاياغلار تولا دەۋرانغە نى پەرۋا.
ئول شوخكى مەيدان ئارا كۆرگەنگە سالۇر تىغ،
كۆرمەسكە سالۇر يەتسە نەۋائى سارى ئەمدا.

**(6)**

نى نەۋا ساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۇلىستانىدىن جۇدا،
ئەيلەمەس تۇتى تەكەللۇم شەككەرىستانىدىن جۇدا.
ئول قوياش ھەجرىندە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي،
ھەر شەرارىكىم بولۇر ئول ئوتلۇغ ئەفغانىدىن جۇدا.
دىمە ھىجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانۇ نالە كۆپ،
جىسم ئەيلەرمۇ فىغان بولغان نەفەس، جانىدىن جۇدا.
ھەجر ئۆلۈمدىن تەلخ ئىمىش، مۇندىن سوڭ، ئەي گەردۇن، مېنى
ئەيلەگىل جانىدىن جۇدا، قىلغۇنچە جانانىدىن جۇدا.
بولسا يۈزمىڭ جانىم ئال، ئەي ھەجر، لىكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا، ياخۇد مېنى ئاندىن جۇدا.
ۋەسل ئارا پەرۋانە ئۆرتەندى، ھامانا بىلدىكىم،
قىلغۇدەكتۇر سۇبھ ئانى شەمئى شەبىستانىدىن جۇدا.
بىر ئىيەسىز ئىت بولۇب ئېردى نەۋائىي يارىسىز،
بولماسۇن، يارەبكى، ھەرگىز بەندە سۇلتانىدىن جۇدا.

**(7)**

يۈز سۆزۈمدىن بىرىگە بەرمەس جاۋاب ئول نۇش لەب،
ئاغزىنى يوقتۇر دىسەم، ۋاقىئىكى، ھېچ ئېرمەس ئەجەب.
نۇقتەئى خالىڭ نىدىن شېرىن لەبىڭ ئۇستىدەدۇر،
نۇقتە چۇن ئاستىن بولۇر ھەر قايدا كىم يازىلسا لەب.
ۋەسل نى يەڭلىغ بولغۇسىدۇر، چۇن ئېرۇر
دىلبەرىم نازۇك مىزاجۇ مەن بەغايەت بىئەدەب.
گەر قۇياش دەرلەر يۈزۈڭنى، گەرم بولۇب چەكمە تىغ،
ئەلگە جۇرمى يوق، ئىنار ئاسماندىن ھەر لەقەب.
لەئلىڭ ئالسا چاكلىك بىمار كۆڭلۈمنى نىتاڭ،
ئەي مەلاھەت نەخلى، چۇنكىم خەستە سىز بولماس رۇتەب.
زىندەدىل مەجنۇننىڭ ئۆلمىش كۆڭلى چۇن لەيلىغە ھەي،
بەس، نى ئاسىغ ئانى ھەيدىن قاۋلاماغلىق، ئەي ئەرەب.
تالىب ئول كىم تاپماساڭ داغى بۇ بەسكىم، ئەيلەمەس
بىر نەفەس غافىل سېنى مەتلۇب ياندىن تەلەب.
قەھر بەرقى بىرلە رەھمەت يامغۇرى گەر بۇيلەدۇر،

ئىمىن ئېرمەس بۇلئەلە، نەۋمىد ئەمەستۇر بۇ لەھەب.
گەر نەۋا تاپسا نەۋائىي لەبلەرىڭنىڭ زىكرىدىن،
تاڭ ئەمەستۇر، چۇن مۇدام ئەفزۇن بولۇر مەيدىن تەرەب.

**(8)**

كۆز ياشىم بولدى رەۋان بىر نەرگىسى جادۇ كۆرۈب،
تېفل يەڭلىغىم يۈگۈرگەي ھەر تەرەف ئاھۇ كۆرۈب.
قالدى ھەيران زاھىد ئەشكىمدە كۆرۈب ھەريان ھۇباب،
رۇستايىدەككى، ھەيرەت ئەيلەگەي ئوردۇ كۆرۈب.
جان ئارا تىغىڭ كۆرۈپ كۆڭلۈم قۇشى تۈزدى نەۋا،
تۇتتىئىدەككىم، تەكەللۇم ئەيلەگەي كۆزگۈ كۆرۈب.
ۋادەئى ئىشقىڭ ماكان قىلدى كۆڭۈل كۆرگەچ يۈزۈڭ،
ئەل بىيابان ئىچرە مەنزىل ئەيلىگەندەك سۇ كۆرۈب.
جاندا ئۆز داغىن كۆرۈب ئاشىقلىغىمنى ئاڭلادى،
ئول كىشىدەككىم تانىغاي ئۆز قۇلىن بەلگۇ كۆرۈب.
بادە تۇتقاچ دىمە بىخۇد بولدىكىم، ئول كۆزگۇدىن،
باردى ھۇشۇم يار ھۆسنى جىلۋەسىن ئوترۇ كۆرۈب.
ئەي نەۋائىي، دەفئى ئولۇر خالىن كۆرۈب كوھى غەمىم،
فىل يەڭلىغكىم، ھەزىمەت ئەيلىگەي ھىندۇ كۆرۈب.

**(9)**

جۇنۇن تاشى ئۇرۇب ھەريان ياڭى داغىمنى ئەفگار ئەت،
ئىچىمدىن لالەدەك ئىچرە تاشىمنى نەمۇدار ئەت.
چۇ مەجنۇن قىلدىڭ ئەمدى، ئەي مۇغەننى، گوشە تابىڭنى
كۆڭۈل سەۋداسى تەسكىنى ئۈچۇن بوينۇمغا تۇمار ئەت.
دىسەڭ كۆڭلۈم قۇشى ئەيلەب ھەۋا، چەككەي نەۋائىي ئىشق،
خەدەڭگىڭنىڭ پەرىن ئەيلەپ قانات، پەيكاننى مىنقار ئەت.
ساچىڭ كۇفرىدە ئۆلسەم قەبرىم ئۈزرە قويما خىرقەمنى،
چېكىب ھەر تارىنى بىر بەرھەمەن بېلىگە زۇننار ئەت.
كۆڭۈل ئەيۋانىدا ئاھىم يېلىدىن پەردەئى ئىشقىڭ
دىسەڭكىم ئۇچماسۇن، مىژگانىدىن ئەتراپىغا مىسمار ئەت.
دىسەڭ ئاغزىن كۆرەي، ئەي ئەقىل، مەركەز نوقتەسىن ئىستە،
ۋەلى شەرت ئۇشبۇكىم، ئەۋۋەل قۇياش دەۋرىنى پەرگار ئەت.
ئىمارەت تەرھىدۇر نەئلو ئەلىفدىن ھەر تەرەف كۆكسۇم،
ۋەفا قەسرىن قوپارساڭ بۇ بىنالار ئۈزرە دىۋار ئەت.
ئېرۇر مەقسەد يىراق، ۋادى ئۇزۇن، تۈن تىرە، يول بۇرتاق،
بۇ يولدا سەلب ئېتىب ئۆزلۈك يۈكىن، ئۆزنى سەبۇكبار ئەت.
نەۋائىي ئۆلسە تىرگۈزگىل يۈزىگە يۈز قويۇب، يەنى
يۈزىگە سۇ ئۇرۇب ئول ئۇيقۇسىدىن ئانى بىدار ئەت.

**(10)**

ۋۇجۇدۇم ئۆرتەندىڭ ئەي ئىشق، ئەمدى تەركىم تۇت،
خۇداي ئۈچۈنكى، مېنى قايدا كۆردۈڭ، ئاندا ئۇنۇت.
كۆڭۈلنى ۋەسل چىراغى بىلە دىدىڭ يارۇتاي،
تۇتاشتى چۈن بىزنىڭ ئۆي، ئەمدى ئۆزگە ئۆينى يارۇت.
چۇ ۋەسل كۆيمەك ئىلە ھاسىل ئولمادى، ئەي كۆز،
تەھەسسۇر ئەشكى بىلە شۇئلەلىغ كۆڭۈلنى ساۋۇت.
جۇنۇن دەفئىغە كۆڭلۈمنى داغ ئېتەي دەبسەن،
بۇ داغ سەھلدۇرۇر، ھەجر داغىنى قورقۇت.
بۇخارى ئاھىم ئېرۇر لايىق، ئاڭلاغىل، ئەي ئەشك،
باھارى ھۆسنىگە ناگاھ كېرەكلىك ئولسا بۇلۇت.
نى ۋاقئ ئولسە چۇ تەقدىردىن ئەمەس خارىج،
بەس ئۆكتەدۇر قىلۇرىدىن كىشىگە بەرمەك ئۆگۈت.
نەۋائىيا، بۇ ئۆتەر ئالەم ئىچرە بەش كۈن قىل
ئۆزۈڭنى مەي بىلەن مەشغۇلۇ ئىشق بىرلە ئاۋۇت.

**(11)**

يانا سالدى ھەجر ھەم تەن ھەم كۆڭۈل ھەم جانغا ئوت،
سالدى ئوت ھىجران ماڭا، يارەبكى، سال ھىجرانغا ئوت.
ئەيتقاي كىيمىش جۇنۇن مۈلكى شەھى زەركەش لىباس،
كۆرگەن ئېل بۇ نەۋئكىم تۈشمىش مەنى ئۇريانغا ئوت.
گويىيا بولدى قۇيۇن غەم دەشتىدە ئەسكەن سەمۇم،
يوقسە تۈشتى مەن كەبى مەجنۇنى سەرگەردانغا ئوت.
مەنزىلىڭ ئېردى كۆزۈ كۆڭلۈم، ۋەلى سەن بارغالى
مۇنى سۇ قىلدى خارابۇ تۈشتى ئول ۋەيرانغا ئوت.
مەن داغى كۆيمەي قۇتۇلماق ئەي كۆڭۈل مۇمكىن ئەمەس،
بۇيلەكىم، سالدى دەمىم غەم دەشتەدە ھەريانغا ئوت.
دۇدى ئاھىم داش دۇدىدەكمۇ رەۋزەندىن چىقار،
يا سالىبتۇر فۇرقەتىڭ بۇ كۈلبەئى ئەھزانغا ئوت.
گەر ماڭا ئوت سالدى دەۋران ھەجرىدىن، بەس ئەيب ئەمەس،
مەن داغى سالسام دەمادەم ئاھ ئىلە دەۋرانغا ئوت.
نى ئۈچۈن ئەشجارىدىن يىغمىش ئوتۇن، ئەي باغبان،
ئاتەشىن گۈلدىن ئەگەر ئورماس فەلەك بوستانغە ئوت.
ئەي ناۋائىي، تەن قالىب، جانىمنى ئالىب باردى يار،
سالدى ئۇ بارغانغا ئوت، ھىجران ۋەلى قالغانغە ئوت.

**(12)**

مېنىڭ جۇنۇنىمە گەر ئول پەرى ئېرۇر بائىس،
ھەلاكىمە قەد ئىلە پەيكەرى ئېرۇر بائىس.
دىمە نىدىن كۆيەسەنكىم، ئانىڭ يۈزۈ لەبىنىڭ
بۇ ئىشكە شۇئلە بىلە ئەخگەرى ئېرۇر بائىس.
كۆڭۈل قۇشى تۈن كۈن مۈلكى باختەر سارى
ھەۋا قىلۇرغە مەھى خاۋەرى ئېرۇر بائىس.

ماڭا كىم غەمزەسىدىن ئۆلمىشەم، ھەياتى ئەبەد
خەيالىغە لەبى جان پەرۋەرى ئېرۇر بائىس.
چەمەندە بۇلبۇل ئېتەر شەۋق نۇكتەسىن تەكرار،
كى گۈل ۋەرەقلىرىنىڭ دەفتەرى ئېرۇر بائىس.
ئۇل ئاي فىراقىدا ئەشكىم ئاقارغە شامۇ سەھەر
تولۇئى زۆھرە بىلەن مۇشتىرى ئېرۇر بائىس.
كۆڭۈلنى چاكۇ باغرنى شىگاف ئىستەرىمە
ئانىڭ قېلىچى بىلەن خەنجەرى ئېرۇر بائىس.
ھەمىشە دەير ئىچىدە بولماغىمە مۇغبەچەلەر
كەرەشمەسىيۇ فەنا ساغەرى ئېرۇر بائىس.
نەۋائىي ئۆلمەسىغە ئازىمى ئىراقۇ ھىجاز،
مەگەر نەزاھەتى مۇلكى ھىيەرى ئېرۇر بائىس.

**(13)**

ئەي گەدايىڭنىڭ گەدايى بارچە ئەھلى تەختۇتاج،
كىم گەدايىڭدۇر ئاڭا يوق تەخت ئىلە تاج ئېھتىياج.
كۆزلەرىڭ ئاز جۇرم ئۈچۈن قىلسا ئىتاب، ئېرمەس ئەجەب،
بار مۇئەييەنكىم، بولۇر بىمارلار نازۇك مىزاج.
گەر سەنۇبەر تۇزمەمىش سەرۋىڭ خىلافىن كۆڭلىدە،
يەل چىنار ئىلگى بىلە نىۋچۈن ئۇرار يۇزىگە كاج.
ئەيكى، كۆڭلۈمنى بۇزۇب، دەرسەن: خەيالىمنى چىقار،
ھېچكىم ۋەيرانەدىن گەنج ئىستەمەس ھەرگىز خىراج.
سەن جەفا قىلغاچ، كۆڭۈل جان بىرلە تەركىم تۇتتىلەر،
بولسا شاھ زالىم، ئەل ئىچرە زۇلمغە ئىرمىش رىۋاج.
ھەجرىدىن داد ئىستەدىم، دىدىڭ سەبۇر ئول، ۋايكىم،
تازە داغىمغە يانار ئوت بىرلە ئەيلەرسەن ئىلاج.
چۇن فەنا گەردى ياپار، نى سۇد تەختۇ جاھىڭە،
كۆكنىڭ ئەنجۇمدىن مۇكەللەل ئەتلەسىن قىلساڭ دۇۋاج.
تا گەدايىڭدۇر نەۋائىي تەخت ئىلە تاج ئىستەمەس،
ئەي گەدايىڭنىڭ گەدايى بارچە ئەھلى تەختۇتاج.

**(14)**

كۆڭۈللەر نالەسى زۇلفۇڭ كەمەندىن ناگەھان كۆرگەچ،
ئېرۇر ئانداقكى، قۇشلەر قىچقىرىشقايلار يىلان كۆرگەچ.
كۆڭۈل چاكىن كۆزۈمدە ئەشكى رەنگىن ئەلگە فاش ئېتتى،
بالىغ زەخمىنى فەھم ئەيلەرلەر ئەل دەريادا قان كۆرگەچ.
كۆزۈم قان ياش تۆكەر، نېتىب كۆڭۈل زەخمىن ياشۇرايكىم،
تاپارلەر يەردە زەخمىن سەيد قانىدىن نىشان كۆرگەچ.
بويالغان قان ئارا جان پەردەسى يەتكەچ غەمى ھەجرىڭ،
كۆڭۈل باغىدا بەرگىدۇركى، ئال ئۆلمىش خەزان كۆرگەچ.
خەدەڭگىڭ زەخمى ئىچىندىن بەلالارنى يۇغان ياشىم،
ئېرۇر تىفلىكى، ئالغاي قۇش بالاسىن ئاشيان كۆرگەچ.

كۆڭۈللەر نەقدىنى تاراج ئېتەرگە ياپماغىڭ بۇرقەئ،
ئانىڭدەكدۇركى، يۈز باغلار قاراقچى كارۋان كۆرگەچ.
يۈزىن زۇلف ئىچرە تا كۆردۈم، ئۆلۈب ۋەسلىغە يەتمەسمەن،
غەلەت ئېرمىش يۈز ئۆرماق كېچە ئوتنى ھەرقايان كۆرگەچ.
ئېرۇر چۈن ئالەم ئىچرە جاھ فانى، ياخشى ئات باقى،
بەس، ئېل كامىن رەۋا ئەيلە ئۆزۈڭنى كامران كۆرگەچ.
نەۋائىي، خۇردەگى نەزمىڭنى ئانداق ئەيلەدىڭ تەھرىر،
كى ساچقاي خۇردە باشىڭ ئۆزرە شاھى خۇردەدان كۆرگەچ.

**(15)**

كۆڭۈلنى مۇغبەچە ئالدى، مۇغانە تۇت ئەقداھ ،
كى يوق سەلاھ ئىلە بولماغلىق ئەمدى بىزگە سەلاھ.
بىر ئاي ، فىراقىدا بىخۇدلۇغ ئىستەرەم، تولا تۇت،
ئەگەر قىلىب ئىسەڭ ئەفلاك جىرمىدىن ئەقداھ.
ھەلال بولدى خەرابات ئىشق ئەھلىغە، مەي
تۇتار بىز، ئەھلى ۋەرەئكىمكى ئانى تۇتسا مۇباھ.
ھەياتبەخش لەبىڭ روھ ئىمىشتوك، ئەي ساقى،
مەگەركى ۋاۋىنى ئېلال ئېتىب قىلىبسەن راھ (مەي(
يوق ئېرسە جىسمىدا ، ئول ھاسىل ئەيلەگەي قايدىن،
ھەكىم نە ئۈچۈن ئەجزاسىنى دىدى ئەرۋاھ.
سەباھ ھەيكەدە باغلىقدۇرۇ خۇمارىم تۈند ،
تەئەججۈپ ئەتمەڭ ئەگەر زىكرىم بولسا «يا فەتتاھ.«
نى ئېردى مەيكەدە غەۋغاسى، زەرقىزىن گويا
بۇ شام قىلدى نەۋائىيغە دەير پىرى نىكاھ.

**(16)**

خانەقەھدە ھەلقەئى زىكىر ئىچرە غەۋغا قىلدى شەيخ،
ئەھلى دىللار نەقدى ئەۋقاتىنى يەغما قىلدى شەيخ.
ئول بىرى دام ئېردى، بۇ بىر دانە ئېل سەيدى ئۈچۈن،
ھەر قاچانكىم ئەزمى تەسبىھۇ موسەللا قىلدى شەيخ.
يا خەيالى بەڭ، يا خۇد خانەقەھ فىكرى ئىدى،
ھەر كەراماتى مەقاماتىكى ئىفشا قىلدى شەيخ.
كەف ساچىب، فەرياد ئېتىب، سېكرەب ، پەرۋىشلەرنى سەيد
قىلغالى، دىۋانەلىغلەر ئاشكارا قىلدى شەيخ.
توق چىقىب خىلۋەتتىن ئۆزنى روزە دەب جۇھالىدىن،
ئەسرۇ كۆب نادانىنى ئۆز تەۋرىغە شەيدا قىلدى شەيخ.
باۋۇجۇدى مەسخۇ نادانلىغ مۇرىد ئەيلەر ئۈچۈن،
كۆپ ئۆزىدىن مەسخۇ نادانراغنى پەيدا قىلدى شەيخ.
دەيرى پىرىنىڭ مۇرىدى مەنكى فەيزى ئام ئېرۇر،
خانەقەھدە فەيزى ئام ئەلدىن تەمەننا قىلدى شەيخ.
دەير ئارا تىندى قۇلاغىم، راھىبا ، زىكرىڭ بەخەير،
كىم سەھەر زىكىر ئېيتۇرىدا كۆپ ئەلالا قىلدى شەيخ.

ئەي ناۋائىي، خىرقەسىن بەردى ، كەرامەت ئەيلەدى ،
كىم ماڭا تەرتىبى ۋەجھى رەھنى سەھبا قىلدى شەيخ.

**(17)**

قاشىڭ مېھرابىنى ۋەسل ئەھلى ئەتمىش قىبلەئى مەقسۇد ،
باشىم يۈز قەتلە ئۆرسام يەرگە ھەجرىڭدىن ماڭا نى سۇد.
ئىچىمدە ئىشقىدىن يۈز بەرقۇ دەم ئۆرماققە زەھرەم يوق ،
ئۆي ئىچرە ئوت سالىب، ۋەھ، مۈشكىل ئىرمىش ئاسراماغلىق دۇد.
يادا تاشىغە قان يەتكەچ ياغىن ياققاندەك، ئەي ساقى،
ياغار يامغۇردەك ئەشكىم چۈن بولۇر لەئلىڭ شەراب ئالۇد.
چۇ قويدۇڭ داغ، تىندۇردۇڭ كۆڭۈلنى دەردىڭ ئىستەردىن،
دىرەم بىرلە گەدانى ئۆيلەكىم قىلغاي كىشى خۇشنۇد.
جۇنۇن بۇ بولسەكىم ياغدى پەرىۋەش تىفللەر تاشى،
مۇناسىبتۇر بۇ تاشلەر ئەقل ئىشگىن قىلغالى مەسدۇد.
تۆكۈلدى گۈل ، فىغان بەس قىلدى بۇلبۇل، شۈكرىكىم، بارىي،
سېنىڭ ھۆسنۈڭ مېنىڭ ئىشقىمدا نۇقسان بولمادى مەۋجۇد.
تۈنۇ ئەنجۇم دىمە ، دەۋرانغا راھەت قىلماسۇن دەپ مەيل،
قەزا گۈل مىخلار قاقتى قىلىپ گەردۈننى قىرەندۇد.
خەراباتۇ مۇناجات ئەھلىنىڭ مەتلۇبى سەندۇرسەن،
ماڭا كۆرسەتمەسەڭ يول نەيلەيىن قايسارىدۇر بېھبود.
نەۋائىي، كەئبە زىكرىن قويكى، بىز دەيرى فەنا ئىستەب،
زەھەبنا ۋادىيەلمەقسەد، ۋەجەدنا ماھۇۋەلمەقسۇد.

**(18)**

ئەي ئارەزى نەسرىن، ساچى سۇنبۇل، قەدى شەمشاد،
بۇلبۇل كەبى ھىجرىڭدە ئىشىم نالەيۇ فەرياد.
سەيد ئولدى كۆڭۈل كۆزلەرىڭە، ۋەھ قۇتۇلۇرمۇ،
بىر قۇشكى ئانىڭ قەسدىدە بولغاي ئىكى سەيياد.
ئول مەكتەب ئاراكىم ئوقۇدۇڭ ناز رەموزىن،
گوييا ۋەفا ئىلمىن ئۇنۇتمىش ئىدى ئۇستاد.
ئەشكىمنى كۆرۈب تېز بولۇر كۆڭلى جەفاغە،
ئارى، ئىتماس چۈنكى سۇيى بولماسا فولاد.
مىڭدىن بىر ئەمەس ئۆز يۈرەگى زەخمىلەرىدىن،
ھەر نىچەكى تاغ باغرىنى زەخم ئەيلەدى فەرھاد.
گۈل يافراغى تىرناغلار ئېرۇر بۇ چەمەن ئىچرە،
بۇلبۇل پەرۇ بالىنى بولۇب بەرگەلى بەرباد.
نەئەيب نەۋائىي كەبى دىۋانەلىغ ئەتسە،
ھەر ئادەمكىم بولسا ئانىڭ يارى پەرىزاد.

**(19)**

جانىم ئارامى ئۈچۈن قاسدكى جانانىدىن كېلۇر،

گويى جان پەرۋەر نەسمى ئابىھەيۋاندىن كېلۇر.
نامە قاسىد ئىلكىدىن، قاسىد ھەبىبىم ئالدىدىن،
مۇژدەئى جان يەلدىنو يەل ماھى كەنئاندىن كېلۇر.
ۋەئدەئى ۋەسلىكى جانىدىن كېلۇر ھىجران تۈنى،
تىندۇرۇر كۆڭلۇمنى سۆز يەڭلىغكىم ئۇل جاندىن كېلۇر.
گەۋھەرىدەكدۇركى چىقمىش خامەسىنىڭ نوگىدىن
نامە ئۆزرە شادلىق ئەشكىمكى مىژگاندىن كېلۇر.
شادلىغىدىن جان نىسار ئەتسەم، نىتاڭكىم، بۇ خەبەر
ھەم كۆڭۇلدىن، فىلمەسەل، ھەم كۆڭلۇم ئالغاندىن كېلۇر.
ۋەھكى، مەزمۇنىدۇر ئەھلى دەرد سەرگەردانلىغى،
ھەر بەلا مەكتوبىكىم، بۇ چەرخى گەرداندىن كېلۇر.
دەب ئىمىش نامەمغە قىلمايدۇر نەۋائىي جان نىسار،
ئاندا جان بولسا قاچان بۇ نەۋئى ئىش ئاندىن كېلۇر.

**(20)**

كىردى سىيمابى لىباس ئىچرە يەنە ئۇل گۈلئۇزار،
ئۇل قۇياشدەككىم ئاڭا مانئ بولۇر ئەبرى باھار.
ئۇل بۇلۇت يەڭلىغ لىباس ئۆزرە سىزىلغان خەتلەرى،
بار ئانىڭدەككىم، ياغىن تۇشكەي بۇلۇتتىن تار تار.
بۇ لىباسى سىيمگۇن ئىچرە سېنىڭ نازۇك تەنىڭ،
ئۇل كۆمۇشدەكدۇركىم ئۇل سىيماب ئارا تۇتقاي قەرار.
مېھرى رۇخسارىڭ لىباسى سىيمگۇندىن مۇتلەقا،
ئۇل قۇياشدۇركىم، قىلۇر كۆزگۇدە ئەكسىن ئاشكار.
بولدى سىيمابى لىباسىڭ رەڭگى بەسكىم، ئەيلەدىم
كۆز سەھابىدىن باشىڭغە ئەشك سىيمابىن نىسار.
تەننى چۇن سىيماب ئېتەر بۇ چەرخى ئەخزەر ئاقىبەت،
تون ئەگەر سىيمابى ئولسۇن، گەر ياشىل بىر ھۆكمى بار.
ئەي نەۋائىي، كىسۋەتى گەر ئابگۇندۇر نى ئەجەب،
بۇ ياقىندۇركىم، ئېرۇر سۇ ئىچرە دۇررى شاھۋار.

**(21)**

يانا سەنسىزىن مۇنىسىم غەم بولۇپتۇر،
كۆزۈمگە يۈرەك قانى ھەمدەم بولۇپتۇر.
قارارىپ كۆزۈم دەم بەدەم زار يىغلار،
ئاڭا شامى ھەجرىڭدە ماتەم بولۇپتۇر.
يارامدىن چىكەرگە ئوقىن سەئى قىلماڭ،
كى پەيكان سۆڭەك ئىچرە مەھكەم بولۇپتۇر.
ئىچىمدىن نىچۇك تارتقايلار ئوقىنكىم،
كۆڭۇل قويماسۇ جان مەدەد ھەم بولۇپتۇر.
كۆڭۇلگە ياقار كىرپىگىڭنىڭ خەيالى،
مېنىڭ زەخىمە نېش مەرھەم بولۇپتۇر.
غۇبارىن تىلەب يىغلاما ھەردەم ، ئەي كۆز،

كى ئەشكىڭدىن ئوق يەر يۈزى نەم بولۇپتۇر.
بۇ گۈلشەن ئارا بەرگ تۆتىلارىغە
خەزان تىفلى بەس بائىسى رەم بولۇپتۇر.
ۋەفا شەخسىنىڭ فەرقىنى چەرخ تىغى
ئىكى بۆلدى، ۋەھكىم بىرى كەم بولۇپتۇر.
ئەمەس غەم يۈكىدىنكى، قاشىڭنى كۆرگەچ،
نەۋائىي سۇجۇد ئەتكەلى خەم بولۇپتۇر.

**(22)**

ھەر ئوقى ئول قاشى يانىڭ جانىنكىم قۇربان قىلۇر،
راست بىر ئوقدۇركى، قۇربان كۆڭلۈم ئىچرە سانچىلۇر.
ئىستەسە ۋەسلىن كۆڭۈل، كۆز رەشكىدىن قان ياش تۆكەر،
كۆز يۈزىن كۆرگەچ كۆڭۈل يۈز نالە غەيرەتدىن قىلۇر.
تىغى كۆكسۈم چاك ئېتىب، كۆڭلۈمنى ئاچسا نى ئەجەب،
كىم رەۋان سۇدىن ھەمىشە خەلق كۆڭلى ئاچىلۇر.
گەرم ئولۇب ھەريان ئول ئاتەش پارەكىم ناۋەك ئاتار
راست ئوتدەكدۇركى گىردىدىن شارەرلەر ئايرىلۇر.
يۈزنى ئۇن تىرناق ئىلەكىم غۇسسەدىن قىلدىم شىيار،
دانە ئىركىن كۆز ياشىمكىم، ھەردەم ئاندا ساچىلۇر.
بادە ئىچكىم، چەرخ جايى سىررىنى جەم بىلمەدى،
گەرچە ئول يۈز جەم كەبى مەيخارەنىڭ دەۋرىن بىلۇر.
ئاھ ئوتىدىن شىكۋە گەر ئەيلەر نەۋائىي ئەيب ئەمەس،
تېلبەلەرنىڭ ھەرنىكىم ئاغزىغا كەلسە ئەيتىلۇر.

**(23)**

ۋاي، يۈزىمىڭ ۋايكىم، تەركى مۇھەببەت قىلدى يار،
بىلمەيىن قالدىم مەنۇ قىلماي خەبەر ئايرىلدى يار.
باردى ئوقدەك تېزۇ يادەك قامەتىم ياد ئەتمەدى،
ئىشق ئارا گويا مېنىڭ ئېگرىلىگىمنى بىلدى يار.
چۇن گەدالار بىرلە شاھلار قىلماس ئەرمىش يارلىغ،
مەن گەدانى كۆزگە بەس نېۋچۇن بۇرۇندىن ئىلدى يار.
پەند ئىشتىب، دوستلار، ھېچكىم بىلە يار ئولماڭىز،
كىم مېنىڭ باغرىمنى تىغى ھەجر بىرلە تىلدى يار.
مەندىن ئايرىلغان بەلائۇ دەرد ئۇچۇنمۇ يىغلايىن،
يا ئاڭا كىم باربان ئەغيار ئىلە قاتىلدى يار.
يىغلاشىب غەم شامى زاھىر ئەيلەسۇنلەر دەرد ئوتىن،
كىمگە كىم بەيتۇلھەزەندە شەمئەدەك تاپىلدى يار.
ئەي نەۋائىي، يار ئۇچۇن تارتار ئىدىڭ غۇربەتتە رەنج،
يولغا تۇش، ئەمدى رەۋانراق بول، ئەزىمەت قىلدى يار.

**(24)**

ھەرقايان باقسام كۆزۈمگە ئول قۇياشتىن نۇر ئېرۇر،
ھەر سارى قىلسام نەزەر ئول ئاي ماڭا مەنزۇر ئېرۇر.
چۇن مەسەل بولدى ساچىڭ زۇلم ئىچرە ياشۇرماق نى سود،
مۇشك ئىسىن ياشۇرسە بولماس، بۇ مەسەل مەشھۇر ئېرۇر.
تېلبەرەب مەن تا ئانى كۆرمان ئەجايىبدۇر بۇ كىم
ئول پەرى دېۋانە كۆزىدىن داغى مەستۇر ئېرۇر.
چۇن مۇدام ئېرنىڭ مەيى قاشىندادۇر كافىر كۆزۈڭ،
نىدىن ئېردىكىم، دەمى ئۇسرۇك، دەمى مەخمۇر ئېرۇر.
دىلرەبالەر داغى جانىم سەفھەسىدە گويىيا
دەرد ئىلى ئىشقىم ئۈچۈن مۆھر ئەيلەگەن مەنشۇر ئېرۇر.
پەر ئۆرۈپ باشىڭغە تۇتما ئەۋجىكىم، ھەر نېچە مۇر،
كىم قاناتلانغاي قاچان ئۇچماق ئاڭا مەقدۇر ئېرۇر.
گەر نەۋائىي سىمبەلەر ۋەسفىن ئەيلەب كۆرسە رەنج،
يوق ئەجەب، نېچۇنكى خام ئەتكەن تەمەئ رەنجۇر ئېرۇر.

**(25)**

ئارەزىڭ كۆزگۈسىمۇ تەر كىسرەتىدىن سۇدەدۇر؟
ياخۇد ئول ئارەز سۇيىنىڭ ئەكسىمۇ كۆزگۇدەدۇر؟
دىمە ئەينى نازدىن ئول كۆز ئاچىلمايدۇركى، بار
كافىركىم مەستلىغ ئىفراتىدىن ئۇيقۇدەدۇر.
تاپماغىم ئۆزنى مەھال ئولمىش فىراقىڭ شامىكىم
تەب ئارادۇر خەستە جىسمۇ تاب ئول گىسۇدەدۇر.
سەن ئاتارسەن ناۋەكۇ كۆكسۈم شىگافىدىن كۆڭۈل
كۆرگەلى كەلمىش، خاتا قىلماكى، خۇش قاپۇدەدۇر.
سەجدە قىلماق نى تافاۋۇت كەئبە يا خۇد بۇتقە كىم،
قاشى مېھرابى قايان، قىلسام سۇجۇد ئوترۇدەدۇر.
ئولمەگىمدىن زۇلفىڭە گويا پەرىشانلىق يېتىب،
ماتەم ئەھلىدەك قويى سالىب باشىن قايغۇدەدۇر.
نوھ ئۆمرىيۇ سۇلايمان مۇلكىگە يوقتۇر بەقا،
ئەي ناۋائىي، بادە ئىچ، ئالەم غەمى بىھۇدەدۇر.

**(26)**

جەمائەتىكى، جۇنۇن مەئىنى ماڭا قىلاسىز،
تاش ئاتىبان نى ئۈچۈن تەلبەلەرگە قاتىلاسىز؟
كېتىڭ كۆڭۈل بىلە جانكىم، ۋىدائىڭىز قىلدىم،
فىراق ئەگەر بۇدۇرۇر، ئەرتە كۇننى كەچ قىلاسىز.
فىراق ۋەقتىدۇر، ئەي كۆزلەر، ئەمدى قان يىغلاڭ،
بىلۇرمۇ سىزكى، بۇ كۇن نى كىشىدىن ئايرىلاسىز؟
كۆزۈم ھەققىنى بىھىل قىلدىم، ئەي جەۋاھىرى ئەشك،
كى بارى ھەم ئانىڭ ئۇق مەقدەمىغە ساچىلاسىز.
فىراق نېشلەرى، ۋەھكى، يانا رەھىم ئېتمەي،
نەفەس ـ نەفەس نىگە مەھزۇن كۆڭۈلگە قاتىلاسىز.

كۆڭۈل فەسانەلىرى، سىزنى، ۋەھ، نېتىب ياشوراي،
بۇ نەۋائىكىم يۈز ئۈزە قان ياش ئىلە يازىلاسىز.
نەۋائىي ھەجرغە قالدى، قىلىڭ ۋىسالدا شۇكر،
جەمائەتىكى، سۆۋەر يارىڭىز بىلە بىلەسىز.

**(27)**

نەۋ باھار ئەييامى بولمىش، مەن دىيارۇ يارسىز،
بۇلبۇل ئۇلغاندەك خەزان فەسلى گۈلۇ گۈلزارسىز.
گاھ سەرۋ ئۆززە گەھى گۈل ئۆززە بۇلبۇل نەغمە ساز،
ۋەھكى، مەن مەن گوڭگو لال، ئۇل سەرۋگۈل رۇخسارسىز.
تاڭ ئەمەستۇر گەر دىيارۇ يارسىز ئازۇردەمەن،
كىم ئەمەس بۇلبۇل گۈلۇ گۈلزارسىز ئازارسىز.
رەۋزە ئەشجارى ئوتتۇندۇر، گۈللەرى جانىمغە ئوت،
مۇمكىن ئۇلسە ئاندا بولماغلىغ دەمى دىلدارسىز.
مەي چۇ بەردىڭ زۇلفى ئىلە بەند ئېت مېنى، ئەي مۇغبەچە،
كىم خۇش ئېرمەس مۇغ بىلە ئىچمەك قەدەھ زۇننارسىز.
تاپمادۇق گۈلرەڭ جامى بىخومار، ئەي باغبان،
ۋەھكى، بۇ گۈلشەن ئارا پۇتمەس ئېرمىش خارسىز
ئەھلى زۇھد ئىچرە نەۋائىي تاپمادى مەقسەدقە يول،
ۋەقتىڭىزنى خۇش تۇتۇڭ، ئەي جەمئىكىم خۇمارسىز.

**(28)**

زەمانى گەرچە يادىم قىلماس ئۇل نامېھرىبان ھەرگىز،
فىغانىكىم، يادى چىقماس خاتىرىمدىن بىر زەمان ھەرگىز.
ئاتى ئاغزىم ئارا مەزكۇر، ئۆلەرمەن، ئاھكىم، بولماغاي
ئاتىم ئاغزىمغا بىر مەزكۇر ئۇلۇرغە كامران ھەرگىز.
كۆڭۈل تا ۋادىئى ئىشقىغا تۇشتى، قىلمادى بىر ھەم
ۋەتەننى ياد ئۇل ئاۋارەئى بىخانومان ھەرگىز.
لەبىڭدىنكىم كۆزۈڭ ياشى جەھاننى لەئلگۇن قىلدى،
باغىر جۇزۋىدىن ئايرۇ تاپمادى بىر قەترە قان ھەرگىز.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

يارىب كۆكسۇم جۇنۇن تەئۋىزىدەك جان پەردەسىن ئاچما،
كى فاش ئولمايدۇر ئۇل قانلىغ نېچە داغى نىھان ھەرگىز.
غەمۇ ئەندۇھى يەئجۇجىغە ھەر دىۋار سەددىدۇر،
فەنا مەيخانەسىدەك تاپمادۇق دارولئەمان ھەرگىز.
بۇ دەمنى تۇت غەنىمەتكىم، كېلۇر دەمدىن ئەسەر يوقتۇر،
نى دەمكىم ئۆتتى خۇد ئاندىن كىشى تاپماس نىشان ھەرگىز.
قىران قىلدىڭ نەۋائى، نەزىم ئارا كىم ئىلتىفات ئەتمەس،
سۆزۈڭدىن ئۆزگە سۆزگە خىسرەۋى ساھىبقىران ھەرگىز.

**(29)**

ئۇل پەرى كويىدا مەن دىۋانەنى بەند ئەيلەگىز،
بەند بەندىم زۇلفى زەنجىرىغە پەيۋەند ئەيلەگىز.
خەلق تەركى ئىشق ئەيلەرگە مېنى دىلخەستەنى
ئۆلتۈرۈپ ئاللەھ ئېلىغە مۇجىبى پەند ئەيلەگىز.
تەلبە كۆڭلۈم تاپساڭىز، ئەي يار كوي ئىتلارى،
تۇش تۇشىدىن تىشلەبان پەركەند پەركەند ئەيلەگىز.
بادەئى ئىشق ئەسرۇ مەست ئەتمىش مېنى، ئەي دوستلار،
جامىمە ئەفيون ئېزىب بىردەم خىرەد مەند ئەيلەگىز.
يىغلاسام ئاچچىغ، مەلۇل ئولماق نىدۇر، ئەي خۇبلار،
ھەزل ئۇچۇن گاھى باقىب، سىز ھەم شەكەر خەند ئەيلەگىز.
ئىشق بەھرىدە دۇرى ۋەسل ئىستەمەك، ئەي ئەھلى دەرد،
كۆڭلىڭىز ئول نەقدى يادى بىرلە خۇرسەند ئەيلەگىز.
قىلساڭىز تەسۋىر لەيلى ھۆسنىن ئول ئايدەك سىزىبك،
لىك مەجنۇننى نەۋائىي بىرلە مانەند ئەيلەگىز.

***********************************

مەنبە: تېپىچان ئېلىيوپ نەشرگە تەييارلىغان «نەۋايى غەزەللىرى»دىن ئېلىندى.
يوللىغۇچى: كەتمەنباي

# ئەلىشىر نەۋايى تۆيۈقلىرى

**(1)**

**يارەب، ئول شەھدۇ-شەكەر يا لەبدۇرۇر،**

**يا مەگەر شەھدۇ-شەكەر يا لەبدۇرۇر.**

**جانىمە پەيۋەستە ناۋەك ئاتقىلى،**

**غەمزە ئوقىن قاشىگە يالەبدۇرۇر.**

**(2)**

**نېچە دېدىم ئول سەنەمگە: بارماغىن،**

**قىلمەدى ئول تەرك ئاخىر بارماغىن.**

**مۇنچەكىم خۇدرويلىق كۆرگۈزدى ئول،**

**ئەقل ھەيرەت قىلدى تىشلەپ بارماغىن.**

(3)

پەردەنى رۇخسارىڭىزدىن ئالمەڭىز،

ناھەق ئۆلتۈردى مېنى شول ئالمەڭىز.

گەر ئەنارىستانىغە سۇنسا ئىلگىنى،

ئەيتۇر: ئول تۇرسۇن، ئەمانەت، ئالمەڭىز .

(4)

لەئلىدىن جانىمغە ئوتلەر ياقىلۇر،

قاشى قەددىمنى جەفادىن يا قىلۇر.

مەن ۋەفاسى، ۋەدەسىدىن شادمەن

ئول ۋەفا، بىلمەمكى، قىلماس، يا قىلۇر.

(5)

ئالمەنى ئاتتى نىگارىم، «ئال» دېدى،

»ئالمە بىرلە بۇ كۆڭۈلنى ئال» دېدى.

سورسام ئېرسە ئالمەسىنى رەنگىنى،

ئالمە رەڭگىن نې سورۇرسەن؟ «ئال» دېدى.

********************

ئۆزبەك يېزىقىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ساداقەتجان ھاجى

********************